# ئىلمانىزم ئىسلام ئىدىيىسىدە

www.islamawazi.net

## كىرىش سۆز

بۇ كىچىك كىتابچىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە"ئىلمانىزم ئىسلام ئىدىيىسىدە"دېگەن تېما ئۈستىدە توختۇلۇپ، ئىلمانىزمنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق، نېمە ئۈچۈن، نېمە مەقسەتتە پەيدا بولغان، ئىسلام دۇنياسىدا قانداق بولۇپ كۆرۈنگەن، ئىسلام دۇنياسى قانداق مەيداندا تۇرغان؟ دېگەن سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىمىز.

ئىلمانىزم دېگەن سۆز ئىسلام دۇنياسىدا ئەسلى يوق بىر سۆز بولۇپ، غەرب دۇنياسىدىن سىڭىپ كىرگەن سۆزدۇر. ئۇ ھەممىگە مەلۇم تارىخى شارائىتلار سەۋەبىدىن غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولغان. ئىلمانىزم ياۋرۇپادا چىركاۋنىڭ ئىلىم-پەنگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەممە ئىشلارنى ئىگەللىۋېلىشىغا قارشى ھالەتتە پەيدا بولغان ئېقىم...

ئىلمانىزم دېگەن سۆزنىڭ توغرا مەنىسى: دىنسىزلىق ياكى ماتېرىيالىزمچىلىق دېگەنلىكتۇر. ئەنگىلىيەنىڭ مائارىپ ئېنسىكلوپېدىيىسى ئىلمانىزمنى:"ئۇ ئىجتىمائى ھەرىكەت بولۇپ، كىشىلەرنى ئاخىرەت ھاياتىدىن پەقەتلا دۇنيالىق ھاياتقا يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر..." دەپ تونۇشتۇرىدۇ. شۇڭا ئىلمانىزمنى ئىلىمگە نىسبەت بېرىش توغرا ئەمەس.

## ياۋرۇپا ۋە دىن

ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ياۋرۇپا ساماۋى دىننى تونۇپ باقمىدى، چۈنكى ساماۋى- تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىم- كىتابلار ئىسمىلىرىنى زىكىر قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەتىنى ۋە ئەۋەتىلگەن ئورنى ئەرەب رايونلىرى ئىدى. مەسىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىراقتا، ھۇد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربى شىمال رايونىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام -دەۋىتىنى ئىراقتا باشلاپ، پەلەستىندە ئاخىرلاشتۇرغان- ئىراقتا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئىئوردانىيەنىڭ شەرقىگە ئەۋەتىلگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلەر ئارقىمۇ -ئارقا كەلگەن، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام پەلەستىننىڭ خەلىل شەھرىدە، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام -دەۋىتىنى مىسىردا باشلىغان- مىسىردا، ئىسا ئەلەيھىسسالام پەلەستىندە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن، رەسۇللاھ ھىجاز زېمىندا پەيغەمبەر بولغان.

قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى زىكىر قىلىنغان مانا بۇ ٢٥ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب رايونلىرىدا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ساماۋى كىتابلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگىنىنى زىكىر قىلمىدى، بۇ دېگەنلىك باشقا رايونلارغا پەيغەمبەرلەر كەلمىگەن دېگەن مەزمۇننى ئۇقتۇرمايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:" بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى(ئى مۇھەممەد!)ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار،اللّٰه مۇساغا(بىۋاستە)سۆز قىلدى"(نىسا سۈرىسى، ١٦٤ -ئايەت).

ياۋرۇپا ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن بۇددىزىم ئېتىقادىدا يەنى بىر قانچە ئىلاھ ئېتىقادىدا ياشايدىغان ئىدى. چۈنكى ياۋرۇپانىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە ھەزارەت مەنبەسى گىرىتسىيە ئىدى، گىرىتسىيە بولسا بىر قانچە ئىلاھ ئېتىقادىدا ياشىغان دۆلەت. گىرىكلارنىڭ نەزىرىدە مۇھەببەتنىڭ ئىلاھى، ئۇرۇش ئىلاھى، گۈزەللىك ئىلاھى ۋە يامغۇر ئىلاھى... دەيدىغان ئىلاھلار كۆپ ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام نەزىرىدە شېرىكتۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالام مەيدانغا چىققان ۋاقىتتا كىشلەرنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى، رۇمانىيە ئىمپىرىيەسى بۇ دىنغا قارىشى مەيداندا تۇردى، چۈنكى مەسىھ ئەلەيھىسسالام پەلەستىندە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى. پەلەستىن شۇ ۋاقىتتا رۇمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، رۇمانىيە دۆلىتى شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى، رۇمانىيە دۆلىتىنىڭ تىرىتورىيە دائىرىسى غەربتە ئەنگلىيە ئاراللىرىدىن تارتىپ شەرقتە فۇرات دەرياسىغىچە سوزۇلاتتى. ئوتتۇرا دېڭىز شۇ زامانلاردا رۇمانىيە دېڭىزى دەپ ئاتىلاتتى. رۇمانىيە دۆلىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئەزدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، شۇ سەۋەبتىن مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىمىسىنىڭ بالىسى يۇسۇپ

نەججار بالىنى( يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) ۋە ئانىسىنى(يەنى مەريەمنى) ئېلىپ مىسىرغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مىسىر ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالدى، ئۇلارغا ئامانلىق بەردى ۋە ئۇلارنى رۇمانىيە ھاكىمىنىڭ ئىشپىيونلىرىدىن يوشۇردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاندىن پەلەستىنگە قايتىپ كەتتى ۋە شۇ يەردە ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلدى. ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتنى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتكەن ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىنى سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلدى، ئىنجىلنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ئىسا ئەلەيھىسسالام پەقەت ئېزىپ كەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

لېكىن بەنى ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، بەلكى رۇمانىيە ھاكىمنى ئۇنىڭغا قارىشى كۈشكۈرتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى دارغا ئېسىلىش ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ھەزرىتى مەسىھنىڭ زېمىندىكى ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھاۋۋارىيلار(يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىغۇچىلىرى) مەسىھ دىنىنى تارقىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلار رۇمانىيە دۆلىتى تەرىپىدىن زۇلۇم ۋە ئىزىلىشقا ئۇچرايدۇ. تارىخ كىتابلىرى بۇ ھاۋۋارىيلارنىڭ ئىزىلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئىبادەت قىلغانلىقىنى كۆپ زىكىر قىلىدۇ.

رۇمانىيە دۆلىتىنىڭ زۇلمى ئۆزگىچە تەۋە رايونلاردىكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا كېڭىيىدۇ، مىسىرلىقلار شۇ سەۋەبتىن كۆپ زۇلۇم، ئېزىلىش ۋە جاپاغا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى رۇمانىيە دۆلىتى مەسىھ (خىرىستىيان)دىنىنى قوبۇل قىلىشنى جىنايەت دەپ قارايتتى، شۇڭا پۈتۈن كۈچى بىلەن خىرىستىيان دىنىغا قارشى تۇرغان. ئىزىلىش نەتىجىسى ئەكسى تەسىر بېرىپ، ئۇلاردا قەيسەرلىك ۋە سەۋرچانلىق روھىنى پەيدا قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، مىلادىيە ئۈچىنچى ئەسىر كىرىشى بىلەن تەڭلا خىرىستىيانلار كۈچى زورىيىپ رەسمى كۈچكە ئايلىنىدۇ. نېمە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر خىرىستىيان دىنى بۇ مەركىزدىن غەلىبە قىلىپ چىقىدۇ. قۇستەنتىن(٣٠٧-٣٣٧)رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، رۇمانىيە ئىمپىرىيەسى ئىچىدە خىرىستىيان دىنىنى ئېتىراپ قىلىنغان دىنلارنىڭ بىرسى دەپ بايان چىقىرىدۇ.

ئاندىن كېيىن بۇ پادىشاھ قۇستەنتىن خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ، ئاندىن پەلەستىندە قىيامەت چىركاۋى(خىرىستىيانلارنىڭ ھەج قىلىدىغان ئورنى)نى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئىمبىراتۇرنىڭ ئانىسى ھىيلانە پەلەستىننىڭ بەيت لەھم دېگەن شەھىرىدە مەھدى چىركاۋىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن خىرىستىيان دىنى ياۋرۇپادا تارقىلىشقا باشلايدۇ،خىرىستىيانلار ئەركىن دەۋەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

مەسىھ دىنى دەسلەپتە بىر دىن بولۇپ ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى دەپ ئىشىنىدىغان ئىدى، ۋەھيى قىلىنغان ئىنجىلمۇ بىر كىتاب ئىدى. ئەمما ھازىرقى خىرىستىيانلار قولىدىكى ئىنجىللار ھەر بىر راۋىلار رىۋايەت قىلغان بويىچە ۋەھيى بىلەن ئارىلاش ھەزرىتى مەسىھ(ئىسا)ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئىبارەت. خىرىستىيانلارنىڭ ئەسلى بىر ئىنجىلى ٧٣ كە يەتكەن بولۇپ، مىلادىيە ٤ - ئەسىردە ھازىرقى تۆت ئىنجىلنى ئېلىپ قېلىپ قالغان ئىنجىلارنى رەت قىلغان ۋە تاشلىۋەتكەن.

## خرىستىيان دىنىنىڭ پارچىلىنىشى

خرىستىيان دىنىنىڭ ئانا چىركاۋى رۇمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قەدىمى پايىتەختىدىكى رۇما چىركاۋى ئىدى، ئۇ چىركاۋ ھەۋۋارى بوترۇسقا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇستەنتىنىيە شەھرىدە چوڭ ئىمبىراتۇر(پادىشاھ) قۇستەنتىن(٣٢٥ - ٣٣١) قۇرغان يەنە بىر چىركاۋ پەيدا بولدۇ ۋە رۇما چىركاۋى بىلەن بەسلىشىدۇ.

بۇ چىركاۋمۇ رۇما چىركاۋىغا ئوخشاش بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ، چۈنكى قۇستەنتىن شەھرى رۇمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرق قىسمىنىڭ پايىتەختى بولۇپ قالغان ئىدى. ئىككى چىركاۋ ئارىسىدىكى كۆرەش ئۇزۇن داۋاملىشىپ خرىستىيان دىنى كاتولىك ۋە ئارزوكىس دەپ ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ. رۇما چىركاۋى كاتولىك مەزھىبىنى قوللىنىدۇ ۋە ياۋرۇپانىڭ غەربىدە شۇنى نەشر قىلىدۇ. قۇستەنتىن چىركاۋى ئارزۇكىس مەزھىبىنى قوللىنىپ، ياۋرۇپانىڭ شەرقىدە ئارزوكىس ئېقىمىنى تارقىتىدۇ.

## چىركاۋ بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى كۆرەش

رۇما چىركاۋى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بۇ چىركاۋ قۇرۇلمىسى ۋە ئاپىراتىدا دۆلەت خاراكتىرىنى ئالدى. ئادەتتە دۆلەت قۇرۇلغاندا ئىمبىراتۇر (پادىشاھ) ئەڭ ئالى ھوقۇققا ئىگە بولاتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە قارارىغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى، لېكىن كېيىنكى باسقۇچلاردا مۇقەددەس ئىلاھى ھەق(يەنى ئىمبىراتۇر ھۆكمىنى بىۋاستە ئاللاھدىن ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سايىسى، شۇڭا بىرەر ئىنسانىنىڭ ئۇنى ھېسابقا تارتىش ياكى تەنقىد قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ) دەيدىغان نەرسە پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ قارشىسىدا چىركاۋ دۆلەت قۇرۇلمىسىدەك قۇرۇلدى، ئىمبىراتۇر ئىمپېرىيەنىڭ يوقىرىسىدا ئورلتۇرغانچە، پاپامۇ چىركاۋنىڭ يوقىرى پەللىسىدە ئولتۇرىدىغان بولدى، دىنى ئىشلاردا پاپانىڭ دېگىنى ھېساب، ئۇ خرىستىيان ئېتىقادىدا ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى بوترۇسنىڭ خەلىپىسى ھېساپلىنىدۇ. پاپا خرىستىيان ئېتىقادىدا مەسۇم(يەنى خاتالىقتىن خالى"دەپ قارىلىدۇ.

قۇستەنتىن (ھازىرقى ئىستانبول)-شەرقى رۇمانىيە دۆلىتىنىڭ پايىتەختى-چىركاۋى مەيدانىغا كېلىپ ۋە ئۇ چىركاۋنىڭ شەرىپى ئۆسكەن چاغدا، رۇما چىركاۋنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىپ، ھۆكۈمرانلىقتا ئىمبىراتۇر بىلەن رىقابەتلىششكە باشلىدى...

غەربتە چىركاۋنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخى چىركاۋ بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت، چۈنكى ئىمبىراتۇر سىياسەت ئىشلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ، دىنى ئىشلارنى پاپاغا تاشلاپ بەرمىدى، ياكى پاپا دىنى ئىشلار بىلەن قانائەتلىنىپ دۇنيا ئىشلىرىنى ئىمبىراتۇرغا تاشلاپ بەرمىدى... ئۇنىڭ ئورنىغا چىركاۋ(چۈنكى غەربى ياۋرۇپا ئىمپېرىيىسى مىلادىيە ٤٧٦ -يىلى ۋەيران بولغان) غەربى ياۋرۇپادىكى سىياسى

هۆكۈمران سۈپىتىدە چىركاۋ ۋە دۆلەتنىڭ ئۈستۈنلۈك ئىدىيىسىنى ئاشكارا قىلىش ئارقىلىق ئۆلىنى مۇستەھكەملەشكە باشلىدى.

بۇ دەۋرگە كەلگەندە چىركاۋ ئىنساننىڭ ھايات قۇرۇلمىسىدا ئىككى ياقلىملىق بار، ئىنسان روھ بىلەن جىسىمدىن تەركىب تاپقان، شۇڭا روھنى چىركاۋ ۋە دىن يۈزلەندۇرۇپ تۇرىدۇ، جىسىمنى سىياسى ھۆكۈمران يەنى مەدەنى ھۆكۈمەت يۈزلەندۇرۇپ تۇرىدۇ، دېگەن ئىدىيەنى راۋاجلاندۇردى. چىركاۋ ئىنساننىڭ ھاياتىنى ئايرىم ئىككى ھايات:پەسكەس ۋە نىجىس ھايات يەنە بىرسى ئاخىرەتلىك ۋە بەرىكەتلىك ھايات، شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ چاڭگىلىدىن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى(يەنى چىركاۋنىڭ دىن كىشلىرى) ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك دەپ قارايدىغان ئىدى. شۇنداقلا چىركاۋ مىراس قالغان خاتا تەلىماتلىرىغا بىنائەن، بۇ دۇنيادىكى بەدەن دۇنياسى روھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشمىگۈچە خاتالىقتىن قۇتۇلالمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىدى. سىياسى ئۇقۇم بىلەن ئىزاھلىغاندا دۇنيالىق ھۆكۈمرانلار تەلىمات ۋە پەرمانلىرىنى دىنى ھۆكۈمرانلاردىن ئالمىسا بولمايدۇ، يەنى ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ چىركاۋنىڭ تەلىماتىغا ئەگىشىشكە باغلىق دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى ھۆكۈمران زىدىيەتلىشىپ قالسا، ئىتائەت چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولىدۇ.

دېمەك، چىركاۋ بۇ ئېتىقادىغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى مەدەنىيەت ئارىسىدا راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ۋە مۇقەددەس خىرىستىيان ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. فىرانسىيەنىڭ پادىشاھى شارلىمان رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇقەددەس قەيسىرىنى تەبرىكلىگەندە بۇ پۇرسەتمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ مىلادىيەنىڭ ٨٠٠ - يىلى مىلادىيە كېچىسى بولغان ئىش ئىدى. شۇ ئارقىلىق پاپا چىركاۋى سىياسەتكە يېڭى پىرىنسىپ كىرگۈزەلىدى، ئۇ بولسىمۇ: پادىشاھ ياكى ئىمپىراتۇر پاپانىڭ يۈيۈشى ۋە بېشىغا تاج كەيدۇرىشى ئارقىلىقلا ئېتىراپ قىلىنىدۇ، بولمىسا ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، دېگەن پىرىنسىپتۇر.

بىرىنجى پاپا نوقۇلا ئەۋۋەل بىرىنجى بايانىنى مۇنداق چىقارغان:"ئاللاھنىڭ دىنى چىركاۋنى پەيدا قىلدى، ئەلچى بوترۇسنى چىركاۋنىڭ بىرىنجى رەئىسى قىلدى، رۇمانىڭ پوپىلىرى بوتروسنىڭ ھۆكۈمرانلىق مىراسىنى داۋاملىق مىراس ئېلىپ كەلدى. شۇڭا پاپا ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى، شۇ سەۋەبتىن ئالى ھوقۇق ۋە ئۈستۈن ھۆكۈمرانلىق پاپاغا تەۋە بولىشى كېرەك".

بۇ ئارقىلىق چىركاۋ:بىز پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنى باشقۇرىمىز، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ مۇقىملىششى بىزگە قانچىلىك مىقداردا ئىتائەت ۋە ساداقەتمەنلىك بىلدۇرىشىگە باغلىق،تەلىماتىمىزغا بويسۇنمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى چاتاق بولىدۇ، دەپ قارىدى. پاپا جىرىيجورى يەتتە (١٠٧٣ - ١٠٨٥م) :"چىركاۋ ئىلاھى تۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالى ھوقۇق ئىگىسى بولۇشقا ھەقلىق، چىركاۋ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يارامسىز پادىشاھلارنى ھوقۇقلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنداقلا ئەھۋالغا قارىتا ئادەم تاللاش ياكى رەت قىلىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە" دەپ بايانات ئېلان قىلغان.

ئىمپىراتور ھىنرى تۆت(١٠٥٦-١١٠٥م) پاپا جىرجوي يەتتە بىلەن تەيىنلەش توغرىسىدا زىديەتلىشىپ قالغاندا، ئىمپىراتور پاپانى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان، پاپا رەددىيە قايتۇرۇپ ئىمپىراتورنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە ئۇنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئەگەشكۈچىللىرىنى ئۇنىڭغا قارشى قىلىپ قويغان. نەتىجىدە ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىمپىراتور پاپانىڭ كەچۈرۈۋېتىشىگە ئېرىشەلمىسە ئەرشىدە ئولتۇرالمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىمپىراتور ئاخىرى كېپىرلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ تاغمۇ-تاغ سەپەر قىلىپ، پاپادىن ناھايىتى تەسلىكتە كەچۈرۈم ۋە مەغپىرەتكە ئېرىشكەن.

چىركاۋ مەغپىرەت چېكى، جەننەتتىن مەھرۇم قىلىش ۋە جەننەت قوغلاش قارارلىرىنى ئىجاد قىلىپ چىققان، چىركاۋ كىمدىن رازى بولسا ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چاك كېسىپ بېرىدۇ، كىمدىن ئاچچىغلاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ جەننەتتىن مەھرۇم بولغانلىقى ۋە قوغلانغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ. ئىلگىرىكى پاپا يۇھەننا بولىس ئىككى ٢٠٠٠-يىلى مارىسنىڭ ١٢- كۈنى دۇنياۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا باياناتلار ئېلان قىلىپ، كاتولىك چىركاۋىنىڭ ئىككى مىڭ جەريانىدا ئىنسانىيەت ھەققىدە ئۆتكۈزگەن زۇلۇملىرىدىن كەچۈرۈم سورىدى.

## چىركاۋنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئالىملار ئارىسىدىكى مەيدانى

ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەسلى ئىنجىل ھىدايەت ۋە نۇر بولۇپ، ئىنجىل كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، ھەقىقى مەسىھ دىنى ئىلىم-پەنگە قارشى تۇرمايدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقى ئىنجىلنىڭ تەپەككۇرگە قىزىقتۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن ھازىرقى بۇرمىلانغان ئىنجىل ۋە ئۆزگەرتىلگەن خىرىستىيان دىنى ئىلىم-پەنگە قارشى تۇرغان ۋە تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىركاۋ ئىلىم-پەن ۋە ئالىملارغا دۈشمەن يوزىتسىيەدە تۇردى، پوپىلاردىن باشقا ھېچ بىر كىشىگە ئىنجىلنى چۈشۈنۈش پۇرسىتىنى بەرمىدى. بىرەر ئادەمنىڭ ئىزدىنىشۋاتقانلىقى ياكى بىرەر ساھەسىدە سۆزلىگەنلىكىنى كۆرسە ھۇدۇقۇپ كەتتى.

لېكىن ئىلىم-پەن ئاخىردا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەردىن كېيىن غەلىبە قىلدى، چىركاۋنى تەۋرەتكەن نەزىرىيە كوپىرنىق(١٥٤٣)نىڭ ئاستورنومىيە نەزىرىيىسى بولدى. بۇ نەزىرىيەدىن ئىلگىرى چىركاۋ بىردىن-بىر مەرىپەت مەنبەسى ئىدى، چىركاۋ بەتلەيمۇسنىڭ زېمىننى مەركەز قىلغان نەزىرىيەسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى، شۇڭا ئاسمان جىسىملىرى زېمىن ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، دەپ قارايتتى.

كوپىرنىق نەزىرىيەسى ئۇنىڭ ئەكسىچە چىقىپ، زېمىننىڭ قوياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن چىركاۋنىڭ تەپتىش مەھكىمىسىگە يولۇقتى ۋە ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلالمىدى.چىركاۋ ئۇنىڭ كىتاۋىنى تارقىتىشتىن چەكلىدى ۋە ئۇنىڭدا شەيتاننىڭ خىياللىرى بار ئىكەن دەپ قارىدى. چىركاۋ بۇ مەسىلىنى ئاياغلاشتى دەپ ئويلىغان ئىدى، بىراق بىرونۇ دېگەن ئادەم بۇ نەزىرىيەنى قايتا قوزغاپ چىقتى. تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنىڭغا پۈتۈن غەزىۋىنى قويۇپ بەردى ۋە ئۇنى تۇرمىگە

تاشلىدى، ئۇ كۆز قارىشىدا چىڭ تـۇرغانلىقى ئۈچـۈن ئـۇنى ١٦٠٠-يىلـى تىرىـك كۆيـدۈرۈۋەتتى، كۈلىنـى هاۋاغا سورۇپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى.

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن گالىلى تېلىسكوپ ياساپ چىقتى ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىـدى، گالىلىنىڭ ئىلگىرىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىغانلىقى، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ۋە سـوتقا تارتىلىشـىغا سـەۋەبچى بولدى. يەتتە كاردىنال ئۇنىڭغا بىر مۇددەت تۈرمە جازاسى بەردى ۋە هـەر هەپـتە ئـۇنىڭغا پۇشـايمان قىلىـش خىتابىنى ئوقۇپ بەردى. گـالىلى هاياتىنىـڭ بىرونوغـا ئوخشـاش ئاقىۋەتكـە ئۇچرىشـىدىن ئەنسـىرەپ، كـۆز قارىشىدىن يانغانلىقىنى ئىلان قىلدى. گالىلى تەپتىش مەهكىمىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگـەن:" مەن بۇ يىل يەتمىش ياشقا يەتكەن گالىلى ئـالىلىرى ئالدىـدا تـىزلىنىپ، مۇقـەددەس كىتـابنى قولۇمـدا تۇتـۇپ تۇرۇپ: زېمىن ئايلىنىدۇ،دېگەن قاراشنىڭ ئاتېزىملىق قارىشى ئىكەنلىكىنى ئىلان قىلىمەن ۋە ئۇ قاراشـقا لەنـەت ئوقۇيمەن"(دوكتۇر سەپەر هەۋۋالىنىڭ"ئىلمانىزمنىڭ پەيدا بولىشى ۋە تەرەققىياتى" ناملىق كىتاۋىنىـڭ، ١٥٠- بېتىگە قاراڭ).

چىركاۋ ياۋرۇپادا ياراتقان بۇ مۇهىت ئىلمانىزمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە چىركـاۋنى پـۇتۇنلەي رەت قىلىشى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق بولۇپ بەردى، كـۆرەش نەتىجىسـىدە ئىلىـم-پـەن غەلىبـە قىلـدى ۋە شـانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## ياۋرۇپادا ئىلمانىزمنىڭ پەيدا بولىشى

ئىلگىرىكى بەتلەردە كاتولىـك چىرۋىكاۋىنىـڭ دىنـى ۋە دۇنيـاۋى ئىشـلاردا هوقـۇقىنىڭ چېكىـدىن ئاشقانلىقىنىڭ قايسى باسقۇچقا يېتىپ قالغـانلىقىنى كـۆرۈپ ئـۆتتۇق، بـۇ مەسـىلە چىركـاۋ بىلـەن ئەمىرلـەر، پادىشاهلار ۋە ئالىملار ئارىسىدا توقۇنۇشقا ئېلىپ باردى.

ئىككى تەرەپ ئىختىلاپلاشـقان مەسـىلە"چىركاۋنـىڭ يـاكى دىـن كىشـلىرىنىڭ قانچىلىـك هوقـۇقى بولىدۇ؟ پادىشاهلارنى تىكلەش، هۆكۈمەت قۇرۇش، هەربى قوماندانلارنى بىكىـتىش، ئـۇرۇش ئـىلان قىلىـش، تىنىچلىق ئورنۇتۇش ۋە ئۇندىن باشقا ئىشلاردىكى ئـالى هوقـۇق چىركاۋنـىڭ قـول ئاسـتىدا بولامـدۇ؟ يـاكى چىركاۋ مەدەنى ۋە سىياسى ئىشلارغا ئارلاشماي روهى كۆرسەتمە بېرىش (يەنى قەلبتىكى ئىمـان) دائىرىسـىدە توختامدۇ؟"دېگەن تېما ئۇستىدە بولدى.

خىرىستىيان دىنى رۇماغا كىرىشـتىن ئىلگـىرى ئاساسـلىق ئىشـلار هـەربى ۋە هاكىملارنـىڭ قولـدا ئىدى، خىرىستىيان دىنى كىرگەندىن كېيىن ئاساسـلىق هوقـۇقلار دىـن كىشـلىرى(خىرىسـتىيان پوپىلىرى دىـن كىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە چىركاۋنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئىككى تـەرەپ ئارىسىدا توقۇنۇش رەسمى باشلاندى. شۇڭا غەربلىكلەر دىنىنىڭ مەنىسىنى بەلگىلەپ:"ئۇ شەخسـلەرنى روهـى يېتەكلەش"دەپ بەلگىلىدى، شۇنداقلا دۆلەت ۋە هۆكۈمەتنىڭ مەنىسىنى بەلگىلەپ:"ئۇ كىشـلەر ئارىسـىدىكى ئالاقىنى تەرتىپكە سېلىش"دەپ بەلگىلەشتى.

ئىلمانىزم مۇشۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشتى، ئىلمانىزم دېمەك:دىن بىلەن دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى ئايرىش دېمەكتۇر. بۇ ئاتالغۇ ياۋرۇپادا مىلادىيە ١٦-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، ١٧-ۋە ١٨- ئەسىردە تولۇق داۋاملىشىپ كەلدى. ئىلمانىزم بۇ باسقۇچتا نورمال ھالىتىدە تۇردى. ئىلمانىزمنىڭ بۇ باسقۇچتىكى مەشھۇر شەخسلىرى: توماس ھوبىز (١٥٨٨-١٦٧٩م)، جون لوك( ١٦٣٢-١٧٠٤م)، سىبىنوزا( ١٦٤٣-١٦٧٧م)، لىيبىنز( ١٦٤٦-١٧١٦م)، دېيفىد ھيۇم ( ١٧١١-١٧٧٦م) ۋە جان جاك روسو (١٧١٢-١٧٧٨م) بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى ياكى دۆلەت قانۇن، ئەخلاق ۋە دىنىنىڭ مەنبەسى، ھەر بىر دۆلەتتىكى ھاكىم ياكى سۇلتان ئۇ دۆلەتنىڭ ۋە چىركاۋنىڭ رەئىسى دەپ قاراشتى. بۇلارنىڭ نەزرىدە ئۇتتۇرا ئەسىردىكىدەك ھۆكۈمەتلەر بويسۇنىدىغان خەلقئارالىق چىركاۋ دەيدىغان نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، بەلكى چىركاۋ چوقۇم مەدەنى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى لازىم.

بۇ مۇتەپەككۇرلەر ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى كىشلەرنىڭ ھاياتىدىن دىننى يىراقلاشتۇرۇش ياكى بىكار قىلىپ تاشلاش لازىم دەپ تەشۋىق قىلمىدى، بەلكى ئۇلار چىركاۋنى سىياسەت ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم دەپ قاراشتى. مەسىلەن دېفىد ھيۇمنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە روھنىڭ مەڭگۈلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاتېئىست بولسىمۇ، تەقلىدى ئادەملەرگە ئوخشاش دىننى پەقەتلا ئىمان شەكلىدە قالدۇرۇش لازىم دەپ قارىغان. ئۇنىڭ نەزرىدە دىن ئىلىم ئەمەس، بەلكى ئىنساندىن يوقىرى بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت.

جون لوك: دۆلەت، چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن ھەر قانداق بىر دىنى ئېتىقادقا شەخسى كۆز قاراش ۋە دىنىدىكى ھەمكارلىقنى دۆلەت تۈزۈمگە تەھدىت سالمىسىلا دۆلەت ھىمايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەركىن باغلىنىش(ھەمكارلىق) دەپ قارىشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

ئىلمانىزم بىرىنجى باسقۇچتا ئاساسەن چىركاۋ بىلەن دۆلەت ئارىسىنى ئايرىشنى تەشۋىق قىلىشتى، لېكىن ئىككىنجى باسقۇچتا ۋەزىيەت ئوخشاش بولمىدى.

## ئىلمانىزمنىڭ ئىككىنجى باسقۇچى:

ئىلمانىزم پەيلاسوپلىرى بىرىنجى باسقۇچتا دىنغا چېقىلماي چىركاۋ بىلەن دۆلەت ئارىسىنى ئايرىش بىلەن كۇپايىلەندى. لېكىن ئەقىل چىركاۋنىڭ ئۇشكەللىرىدىن ئازات بولۇپ، ئاستورنومىيە، مېدېتسىنا، ئىنژېنىرلىق، فىزىكا ۋە خېمىيە... پەنلىرىدە زور ئىلمى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئىلمانىزمغا قارىتا كۆز قارىشى ئۆزگىرەپ باشقا بىر يۆلىنىشنى ئالدى. ئىلمانىزم مىلادىيە ١٦ ۋە ١٧- ئەسىرلەردە پەقەتلا چىركاۋ بىلەن مەدەنى ئىشلارنى ئايرىشنى كۆزلەيدىغان ھەرىكەت بولغان بولسا، ١٩- ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك دىنغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئىنسان ئىلاھقا مۇھتاج ئەمەس دەپ تەشۋىق قىلىشتى. قىسقىسى ئىنسان ھاياتىدا دىنى پائالىيەتنىڭ ئەھمىيتى ياكى زۆرۈرىيتى قالمىدى دەپ قاراشتى. مانا بۇ ياۋرۇپا جەمىيتىدىكى ئىلمانىزمنىڭ ئىككىنجى باسقۇچى بولۇپ، ئىنقىلاۋى ئىلمانىزم باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىنقىلاۋى ياكى رادىكال ئىلمانىزم دىننى ئۆرۈۋېپ تاشلاشنى

نشان قىلىشتى...(دوكتۇر مۇھەممەد بېھىنىڭ:"يېڭى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە غەربنىڭ مۇستەملىكە ھەرىكىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى" ناملىق كىتاۋىنىڭ، ٣٣٣-بېتىگە قاراڭ).

ئاتېئىزم مەدرىسى(ئىدىيىسى)نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يېتەكچىلىرىنىڭ بىرىسى گېرمانىيەلىك فېيۇرباخ (١٨٠٤ - ١٨٧٢م) نىڭ نەزىرىيەلىرى دىنغا قارشى تۇرۇشتا ئەۋجگە چىققان بولسا، كارىل ماركس( ١٨١٨-١٨٨٣م)نىڭ نەزىرىيەلىرىدە يوقىرى پەللىگە يەتكەن.

ئىلمانىزمنىڭ بۇ قوپال پوزىتسىيەسى رەزىللىك، ئەخلاقسىزلىق ۋە شەھۋانىلىق مۇھىتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئاتېئىزم نەزىرىيەسى كائىناتتا ئۆزگەرمەس مۇقىم لوگىكا مەۋجۇد ئەمەس، بەلكى ھەممە نەرسە تەرەققىياتقا بويسۇنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاتېئىست ئىلمانىزم تازا رادىكاللاشقان بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن دىنىنى چىقىرۋېتەلمىدى. چۈنكى دىن دېگەن ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى يەرلەشتۈرۈۋەتكەن تەبىئى خاراكتېر، شۇڭا سىياسەتمۇ دىندىن بىھاجەت بولالمىدى ھەم بولالمايدۇ،ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى تولۇق ئايرىش مۇمكىن ئەمەس.

ھىندىستاننىڭ بۈيۈك داھىسى غاندى شۇنداق دەيدۇ:"ئىنسان ھەممە نەرسىگە ئارلىشىپ كەتكەن بۈيۈك ھەقنى كۆرەلىشى ئۈچۈن، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەندەك بىچچارە مەخلۇقنى ياخشى كۆرەلىشى كېرەك. شۇنىڭغا ئېنتىلىدىغان ئادەم ھايات مەيدانلىرىدىن قايسى بىر مەيدان بولسۇن ئۇ مەيداندىن ئۆزىنى چەتكە تارتالمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ سىياسەت مەيدانىغا قەدەر راستچىللىق ۋە ھەقنى ياخشى كۆرۈشمگە ئىتتىرگەن سەۋەبتۇر. ئىككىلەنمەستىن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە كەمتەرلىك بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى:دىنىنىڭ سىياسەت بىلەن ئالاقىسى يوق دېگەنلەر دىنىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغانلاردۇر".(غاندىنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى" ھەممە كىشىلەر قېرىنداش" ناملىق كىتاۋىنىڭ ١٠٨-بېتىگە قاراڭ).

داڭقى چىققان ۋە ئالاھىدە سىياسىيۇن غاندى ھەر قانداق بىر ئىشتا كۆڭۈلنى پاكلاش زۆرۈر، بولۇپمۇ يۇرتنى سورايدىغان سىياسۇنلارغا تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئىنسان كۆڭلى ئاللاھنى ھەقىقى تونۇمسا ۋە ئاللاھقا ئىشەنمىسە تازىلانمايدۇ. شۇڭا بۇ نوقتىدىن غاندىنىڭ:"دىنىنىڭ سىياسەت بىلەن ئالاقىسى يوق دېگەنلەر دېنىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ" دېگەن سۆزىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىلمانىزمنىڭ بىرىنجى ۋە ئىككىنجى باسقۇچتا ئەسلى ئورنى بولغان گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەنىڭ قايسى بىرى دىنىنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرالمىدى. مەسىلەن، ئەنگلىيە پادىشاھلىقى بىروستانتېت مەزھىبىنى ھىمايە قىلىپ كەلدى، فرانسىيە ئىلمى شەكىلدە كاتولىك مەزھىبىنى ھىمايە قىلدى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا- ئۆزلىرىنى ئىلمانىزم دۆلىتى دەپ ئىلان قىلسىمۇ- دىنى مەكتەپلەرگە پۇقرالاردىن يىققان باجدىن ياردەم بېرىدۇ.

ياۋرۇپادا كاتولىك چىركاۋىنىڭ نوپۇزى پۈتۈنلەي تۈگەشتى دەپ ھېچ بىر كىشى ھۆكۈم قىلالمايدۇ، چۈنكى پاپانىڭ سۆزى ھۆرمەت ئىچىدە ئاڭلىنىدۇ. ئىلگىرىكى پاپا سىياسى مەسىللەردە ئاكتىپ ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ كوممۇنىزمنىڭ يىقىلىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. ئىلگىرىكى پاپانىڭ ئەسلى يۇرتى بولاندىيەدە، بولاندىيەدە ئىشچىلار كوممۇنىزم نەزىرىيەسىگە قارشى قوزغالغاندا، پاپا بۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان. كوممۇنىزم تۈزۈمى ۋە نەزىرىيەسى ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن يىقىلىشى تەبىئى

ئىدى. شۇڭا كوممۇنىزمغا ئۈرۈلگان بىرىنجى بولقا ۋارشۇۋا شەرتنامىسىنىڭ مەركىزىدىن ئۈرۈلدى. بەزىلەر كوممۇنىزم قۇرۇلمىسىنىڭ يىقىلىشىدا پاپانىڭ كۆپ رولى بار دەپ قارايدۇ. مانا بۇ دىنىنىڭ ئىنسان هاياتىدا تەسىرىنىڭ بارلىقىغا پاكىت ئەمەسمۇ؟

## ئىسلام ۋە دۆلەت

ئىسلام دىنى دىن ۋە دۆلەتتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىسلام ئەقىدە بولۇپ، بۇ ئەقىدىدىن سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى...تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولغان شەرىئەت پەيدا بولىدۇ. ئىسلامنىڭ هەقىقىتىنى بىلمەيدىغان تۈزكور ياكى قارىغۇ مۇتەئەسسىپ ۋە ئىسلامغا ئۆچ ئادەمدىن باشقىسى بۇ هەقىقەتنى ئىنكار قىلمايدۇ.

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاهغا تەبلىغ قىلىش(يەنى دىنىنى يەتكۈزۈش) مەجبۇرىيىتىنى ئارتقاندەك، ئۇنىڭغا بۇ دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىگە قارىتا هۆكۈم يۈرگۈزۈشنى يۈكلىدى:"(ئى مۇهەممەد!)سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا الله نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە هۆكۈم قىلسۇن دەپ،ساڭا هەقىقەتەن هەق كىتابنى نازىل قىلدۇق.خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن"( نىسا سۈرىسى، ١٠٥ -ئايەت).

يەنە:"ئۇلار(يەهۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ(ئەهكامى بويىچە هۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاهىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن" (مائىدە سۈرىسى، ٤٩ -ئايەت).

مۆمىنلەر رەسۇلۇللاهنى هاكىم قىلىپ، هەممە ئىشلىرىدا ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىسا هەقىقى مۆمىن بولالمايدۇ:"(ئى مۇهەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى هۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان هۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ"،(نىسا سۈرىسى، ٦٥ -ئايەت).

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: سىياسي، ئىقتىسادي ۋە ئىجتىمائي تۈزۈمى ئىسلام شەرىئىتىنى ئاساس قىلغان ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش رەسۇلۇللاهنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىسى ئىدى. رەسۇلۇللاه بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى، مەككىدىن مەدىنىگە هىجرەت قىلغاندا، قىلغان بىرىنجى ئىشى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش بولدى.

## مەسجدنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى رولى

رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىپ سالغان مەسجدى ئىسلام دۆلتىنىڭ مەركىزى ۋە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە ۋەھيى قوبۇل قىلاتتى، ئۇنى كىشلەرگە يەتكۈزەتتى، ناماز ئوقۇيتتى، تۈرلۈك مەسىلىلەردە ھۆكۈم قىلاتتى، ھەربى قوماندانلارغا بايراق تۇتقۇزاتتى ۋە ئىسلام دۆلتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن رايۇنلارغا خىزمەتچى ۋە ھاكىملارنى تەيىنلەيتتى. شۇ مەسجدىدىن ئەلچى، مېنىستىر ۋە ئۆمەكلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى پادىشاھلارغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتەتتى. شۇ يەردە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە كەلگەن چەتئەل ئۆمەكلىرىنى كۈتەتتى. شۇ مەسجدتە ئىسلام جەمىيتىنىڭ قىينچىلىقلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىدارە تۈزۈملىرىنى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى يېتەكچىلىرى بولغان ساھابىلىرى بىلەن مۇئەللىم روھىدا مۇزاكىرلىشەتتى. گەپنى يىغىنچاقلىغاندا ئاددى سېلىنغان شۇ مەسجد رەسۇلۇللاھ ۋە خۇلەپائى راشىدىنلەرنىڭ دەۋرىدە ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ باشقارمىسى ئىدى. مۇشۇ مەسجدتىن تارىخ يۈزىنى ئۆزگەرتكەن، شۇ دەۋردىكى ئالەمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ئۇ ئالەمگە ئادالەت، رەھمەت، باراۋەرلىك، خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىقنى تارقاتقان بۈيۈك قارارلار چىقاتتى.

## مەدىنە شەرتنامىسى

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا ئىسلام دۆلتىنى قۇرۇپ چىقتى، مەدىنىدە ياشايدىغان بىر قانچە يەھۇدى قەبىلىلىرى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسا ئۇلار - رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىللىقىنى بىلىپ تۇرۇپ - ئۇنىمىدى ۋە رەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى زورلىمىدى، چۈنكى زورلىماسلىق ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى:"دىندا زورلاش يوق"(بەقەرە سۈرىسى، ٢٥٦ -ئايەت).

يەھۇدىلار ئىسلامنى رەت قىلدى، لېكىن ئۇلار ئىسلام دۆلتىدە ۋەتەنداش بولۇپ ياشىدى، ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بارلىق مەدەنى ۋە دىنى ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشتى، رەسۇلۇللاھ يەھۇدى قەبىلىلىرى بىلەن شەرتنامە ئورناتتى. بۇ شەرتنامىدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇلادىلار ئارىسىدىكى ئالاقىلەر تەرتىپكە سېلىندى، مەدىنىدە ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ -گەرچە ئەقىدىسى ئوخشاشمىسىمۇ - ۋەتەنداشلىق سۈپىتى بىلەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەندى. ئىسلام دۆلتى يەھۇدىلارنىڭ دىنىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مال -مۈلكىنى قوغداش ئەركىنلىگى كېپىللىككە ئېرىشتى. مانا بۇ ئىسلامنىڭ باشقىلارنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى...

رەسۇلۇللاھنىڭ يەھۇدىلار بىلەن ئورناتقان بۇ شەرتنامىسى ٥٠ ماددىدىن تەركىپ تاپىدۇ، بۇ ماددىلارنى سۈننەت ۋە تارىخ كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ (رەسۇلۇللاھ ۋە خىلاپەت راشىدىنلارنىڭ سىياسى تارىخ ماترىياللىرى ناملىق كىتابنىڭ ٤١ -بېتىگە قاراڭ).

دېمەك، ئىسلام دۆلىتى رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن تەسىس قىلىندى ۋە بۇ ئىسلام دۆلىتىدە مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ئېتىراپ قىلىندى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە تۇرغان ١٠ يىل مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىق قىممەت قاراشلىرى ۋە ئورگانلىرى بەلگىلىنىپ بولدى، ساقچى ۋە ئارمىيەسى تۈزۈمى تەرتىپكە سېلىنىدى، تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ئىدارىسى...ئىنتىزاملاشتى.

## ئىسلام بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى پەرقى

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋاقىتلىق بولۇپ پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادىنى ھىدايەت قىلىش( يەنى يەھۇدى دىنىنى ئىسلاھ قىلىش)، ئۇ دىنغا قوشۇلۇپ قالغان خۇراپات ۋە ئەپسانىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى يەھۇدىلار ئۆز دىنىنى ئۆلۈك مۇراسىملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى، قۇرئان كەرىم ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:"ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى(ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق،ئۇلار(تەۋراتنىڭ)سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ"،(مائىدە سۈرىسى، ١٣-ئايەت).

يەھۇدىلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى بۇرمىلاپ، پۈتۈن غېمىنى مال دۇنيا توپلاشقا قاراتتى، ماتېرىيالىزم قارىشى يەھۇدىلارنىڭ راھىبلىرىغا قەدەر كېڭەيدى، ئۇلار ھەيكەل ئۈچۈن خەلقلەرنى قۇربانلىق قىلىشقا قىزىقتۇردى، گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىشنى راھىبلارنىڭ رازىلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا باغلاشتى. ئۇلار ماددىزىملىقتا چوڭقۇرلاپ، روھى ھاياتتىن تامامەن يىراقلاشتى.

شۇ سەۋەبتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدى دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئۇ ئىنجىلدا:"مەن ئېزىپ كەتكەن بەنى ئىسرائىلنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم دەيدۇ" (ئىنجىل مەتتا، ١٥-بۆلۈم، ٢١-بەت). خىرىستىيان دىنى بۇرمىلانغان يەھۇدى دىنىنىڭ ئەكسىچە پەقەت روھانى تەرەپكە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ماددى تەرەپكە سەل قارايدىغان دىن...

ئىسلام دىنى بولسا ئىلگىرىكى دىندىكى قىسمەن تەرەپنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن دىن ئەمەس. ئىسلام دىنى ھەر دەۋر ۋە ھەر ئورۇندىكى ئەقىدە ياكى ئەخلاق بۇرۇلۇشنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھايات پرىنسىپى بولۇپ كەلدى. ئىسلام دىنى ماددا بىلەن روھنى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى...بىرلەشتۈرۈپ كەلگەن دىن.

خىرىستىيان دىنى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ئورۇن پەلەستىندە پەيدا بولدى، پەلەستىن شۇ زامانلاردا رۇمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، رۇمانىيە دۆلىتى شۇ زاماندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئىجتىمائى، دىنى تۈزۈمگە ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن رۇمانىيە ئىمپېرىيەسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىشىغا ۋە بىرەر ۋىلايەتلىرىدە خىرىستىيان دۆلىتىنى قۇرۇشقا يول

قويماتتى. ئەكسچە خرىستيان دىنىنى بەك ئەزگەن ئىدى، ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىيەتلەرنى تولۇق ھېس قىلغان، شۇڭا رۇمانىيە ۋىلايەتلىرىدىن بىرەر ۋىلايەتتە خرىستيان دىنى خرىستيان دۆلىتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى. ھازىرقى ئىنجىللار:"ئاللاھقا تەۋەنى ئاللاھقا بەر، قەيسەر(پادىشاھ)گە تەۋەنى قەيسەرگە بەر"دەيدۇ (ئىنجىل مەتتا، ئىسھا ٢٢ قىسمى، ٢١- ئابزاس). شۇنداقلا ئىسا ئەلەيھىسسالام:"مېنىڭ مەملىكىتىم بۇ دۇنيادا ئەمەس"دەيدۇ (ئىنجىل لوقا، ١٧-بۆلۈم، ٣٠-بەت).مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى پەقەت روھى مەيدانغا يىغىنچاقلىغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئورۇن ۋە ۋاقىت جەھەتتىن خرىستيان دىنىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ مەسىلە رەسۇلۇللاھنىڭ ھېچبىر سىرتقى كۈچ ئارلاشماستىن دۆلىتىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بەردى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ تۇغۇلغان ئەرەب يېرىم ئارىلى چەتئەل نوپۇزىدىن تامامەن خالى ئىدى، ئۇ يەردە بىرەر ئىمپىراتۇر ياكى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يوق ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ رايۇندا- ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان بولۇپ كەلگەن پەلەستىنگە ئوخشاش- دۆلەت ياكى تۈزۈم ياكى قانۇن يوق ئىدى.

مانا بۇ مەسىلە رەسۇلۇللاھنىڭ- ھېچقانداق چەتئەل كۈچىنىڭ تەسىرىسىز- دۆلەت ۋە جەمىيەت قۇرۇشقا ۋە ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنى) ئاساسىدا تۈزۈم تۇرغۇزۇشقا قولايلىق پۇرسەت بولدى.

## رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى ئىسلام دۆلىتى

رەسۇلۇللاھ مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاساسلىق ئىككى ۋەزىپىنى ئېلىپ بېرىۋەردى:

١.ئاللاھدىن ۋەھيىنى قوبۇل قىلىش ۋە كىشىلەرگە يەتكۈزۈش.

٢. ئىسلام ئۈممىتىنى يېتەكلەش، ئىشلىرىنى ئىنتىزامغا سېلىش، مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىش، كەلگۈسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە باشقا ئەللەر بىلەن تاشقى ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بىرىنجى ۋەزىپىسى ئاياغلاشتى، چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

ئىككىنجى ۋەزىپە يەنى ئىسلام ئۈممىتىنى يېتەكلەش ۋە ئىسلام دۆلىتىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى بوش قېلىپ قالدى، بۇ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش لازىم ئىدى. ساھابىلار بۇ مۇھىم ئىشنى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھامان ئۈممەتنى يېتەكلەيدىغان، دۆلەت ۋە ھۆكۈم(سىياسەت) مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا رەسۇلۇللاھقا خەلىپە بولىدىغان بىر كىشىنى تاللاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كېتىپ بىر كېچە ئەمرىسىز تۇرۇشنى توغرا تاپمىدى، رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى ئىسلام ئۈممىتىگە مەسئۇل(خەلىپە، ھاكىم، رەئىس) سايلاشتى ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ھۆكۈم ئىشىغا خەلىپىلىككە تاللاشتى.

## ئىسلام ھۆكۈمىتى دىنى ھۆكۈمەتمۇ؟

كۆپلىگەن ئادەملەر ئىسلام ھۆكۈمىتى دىنى ھۆكۈمەت يەنى دۆلەت باشلىقىنىڭ دىنى ھوقۇقى بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئىسلام دۆلىتىنى دىنى ھۆكۈمەت دەپ قاراش خاتا ۋە ئىسلام چۈشەنچىسىدىن تامامەن يىراق. چۈنكى ئىسلام ھۆكۈمىتى مەدەنى ھۆكۈمەت بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتتىكى ھاكىم ھوقۇقىنى ئۈممەتنىڭ سايلىشىدىن ئالىدۇ.

ئۈممەت ھاكىمنى بىۋاستە تولۇق ئەركىنلىكى بىلەن سايلايدۇ، ئۈممەتنىڭ رەئىسنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش ھوقۇقى بولىدۇ، بەلكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان دەرىجىدە خاتالىشىپ قالسا مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولىدۇ.

خۇلەپائى راشىدىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ سايلىنىشى شۇنداق ئىدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ خەلىپىلىككە ئىگە بولۇش ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى يېتەكلەپ مېڭىش ئۈچۈن بىرەر ئادەمنى نامزات كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ياكى تەيىنلەپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق سەھى خەۋەر كەلمىدى. رەسۇلۇللاھ خەلىپە(رەئىس، ھاكىم...) سايلاش مەسىلىسىنى ساھابىلىرىنىڭ ئۆزلىرى يارامىلىق دەپ قارىغان ئادەمدىن بىرنى سايلىۋېلىشىغا قويۇپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسۇلۇللاھ خەلىپە سايلايدىغان ئۇسۇلنىمۇ بەلگىلەپ بەرمىدى. رەسۇلۇللاھ ھاكىم سايلاشتا مۇسۇلمانلارنى مۇئەييەن ئۇسۇل بىلەن چەكلەپ قويۇشنى خالىمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى بۇ ئۇسۇل بىر زامانغا مۇناسىپ كېلىپ، كېيىنكىلەرگە مۇناسىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ساھابىلار خەلىپە سايلاشتا تۆرلۈك مۇنازىرىدىن كېيىن ئاخىرى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى سايلاپ چىقىشتى.

ساھابىلار خەلىپە سايلاش ئۇسۇلىدا ئۆز زامانىغا ۋە شۇلار ياشاۋاتقان دەۋرگە مۇناسىپ قول ئارقىلىق ۋەدە- قەسەم بېرىدىغان بەيئەت ئۇسۇلىغا تايانغان ئىدى، بۇ ئۇسۇل باشقا دەۋرلەردە مۇناسىب بولماسلىقى مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر كېڭەش روھىغا ئېرىشىش شەرتى بىلەن باشقا تۆرلۈك يوللارغا تايىنىشى مۇمكىن. ھازىرقى ئىسلامى قانۇنشۇناس ئالىملار ھاكىم سايلاشتا دېموگراتىيەنىڭ ئۇسۇلىنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارىماقتا، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىسلامغا تاقىشىدىغان ھېچقانداق بىر يېرى يوق. ئىسلام دىنى ئىدارە ئىشلىرىدا باشقىلاردىن پايدىلىنىشنى چەكلىمەيدۇ.

دوكتۇر مۇھەممەد خاتەمى دېموگراتىيەنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

١. دېموگراتىيە تارىخى بويى كۆپ ئۆزگىرىشلەركە ئۇچرىدى، ھازىرقى دەۋردە ھۆكۈمگە يېتىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ قالدى. دېموگراتىيەنى سىياسى تۈزۈمنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ياخشى ۋاستە دەپ قارىساق خاتالاشمايمىز. چۈنكى سىياسى تۈزۈم ئىسلام تۈزۈمى بولىدۇ، پەقەت ھاكىم سايلاش مەسىلىسىدە دېموگراتىيەدىن پايدىلىنىدۇ.

٢.دېموگراتىيە ھۆكۈمنىڭ(سىياسەتنىڭ) ۋاستىسىدىن ئىبارەت، ئۇ ئەقىدە ياكى مەزھەب ئەمەس.(بەزى ئىسلامى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ نەزىرىدە دېموگراتىيە ئەقىدە ۋە ۋاستە، شۇڭا ئەقىدە روھىنى قوبۇل قىلماي، ۋاستە سۈپىتىدە قوللانساق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ).

٣.دېموگراتىيەنى ۋاستە دەپ قارىغاندا، ئۇ چاغدا ئۇ ئىسلامنىڭ قارشىسىدا (زىددىدە) بولمايدۇ، بەلكى دىكتاتۇر تۈزۈمنىڭ قارشىسىدا بولىدۇ. بىز ئىسلام ياكى دېموگراتىيە دەيدىغان ئىككى خىل تاللاش ئالدىدا ئەمەس، بەلكى دېموگراتىيە بىلەن دىكتاتۇرنىڭ بىرىنى تاللاش ئارىسىدا...

٤.چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندا، دېموگراتىيە ھازىر بۇرۇنقىدەك ئىلمانىزم ياكى كاپىتالىزمغا باغلىنىشلىق ئەمەس، شۇڭا سېنىڭ دېموگراتچى بولىشىڭ ئۈچۈن ئىلمانى ياكى كاپىتال بولۇشۇڭ شەرت ئەمەس. ئىلمانى ياكى كاپىتال بولغىنىڭدا ھەم دىكاتۇر بولۇشۇڭ مۇمكىن.

٥.دېمەك، دېموگراتىيە ئىسلامغا زىت ئەمەس، چۈنكى دېموگراتىيە مېنىڭ نەزىرىمدە ئىسلام بىلەن سوقۇشمايدۇ ياكى ئىسلامنىڭ روھىغا زىت كەلمەيدۇ. (دوكتۇر مۇھەممەد خاتەمىنىڭ"دىن، سىياسەت ۋە دەۋر" ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ؛ ياكى دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇلجاببارنىڭ"دېموگراتىيە ئىسلام ۋە ئىلمانىزم ئارىسىدا" ناملىق كىتاۋىنىڭ١٥٧ - ١٦٠ - بەتلىرىگە قاراڭ).

دېموگراتىيەنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنى ھاكىم سايلاش مەسىلىسىدە ئىستىمال قىلسا شەرىئەتتە ئۇنى چەكلەيدىغان دەلىل يوق. چۈنكى ئۇ ۋاستە، ۋاستە شەكلى بىلەن بولغاندا ئىسلام بىلەن زىتلاشمايدۇ.

بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلام پارتىيلىرى دېموگراتىيەدىن ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيەدىكى رەفاھ پارتىيىسى، ھازىر ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى، پەلەستىندىكى ھاماس پارتىيىسى، ئالجىرىيەدىكى قۇتقۇزۇش پرونتى... ۋە باشقا ئىسلام ھەرىكەتلىرى مۇشۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈم ساھەسىگە كىرىۋاتىدۇ.

بىز مۇسۇلمان بولغاچقا، دۆلەتنىڭ بارلىق قانۇنلىرى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئېلىنىشىنى لازىم دەپ قارايمىز، بۇ توغرا، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىشى كېرەك. لېكىن ئۇسۇلى فىقھى (يەنى ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئىلمى) ئالىملىرى ئېيتقاندەك، نۇسۇس(دەلىل -پاكىتلار) چەكلىك، كىشلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى چەكسىز يەنى مەنپەئەتلەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ھەر كۈنى يېڭى قىيىنچىلىقلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد مەھدى شەمسىدىن قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:"قانۇن چىقىرىش چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: خاس فىقھى ۋە ئام فىقھى:

خاس فىقھى(بۇ شەخسى ئەھۋاللار قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ) : كىشلەرگە ئالاقىدار فىقھى بولۇپ، دۆلەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىسلام تۈزۈمى بولسۇن ياكى بولمىسۇن جارى بولاۋېرىدۇ.

ئام فىقھى: جەمىيەتنى ئىنتىزامغا سېلىشقا ئالاقىدار بولغان قانۇندۇر، بۇ قانۇننىڭ ئىچىدە شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىمۇ بار، شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى بار ساھەلەرگە ئىنسانىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇ قانۇننىڭ ئىچىدە بوش ئورۇنمۇ بار، بۇ ئورۇننى فۇقاھالار(ئىسلامى قانۇنشۇناسلار) مەسالىھ مۇرسەلە (ئاممىۋى مەنپەئەتلەر) دەپ ئاتايدۇ. ئاممىۋى مەنپەئەتلەردىن مەقسەت: كىشلەر ھاياتىدا يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان، ئۇ مەسىلىگە قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەت ياكى ئىجمادىن دەلىل

يوق مەسلە. مۇشۇنداق مەسلىلەردە ئالىملار ئىسلام شەرئىتىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئىجتىھاد (ئىزدىنىش) ئېلىپ بارىدۇ ۋە مۇناسىپ ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىدۇ.

تەشكىللەش، ئىدارە ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادى ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاممۋى مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ھوقۇقلار شەرئەتنىڭ ئالى پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش مىقدارى بويىچە شەرئەت ئەھكاملىرى قاتارىغا كىرىدۇ.يەنى كېڭەش مەجلىسىدە يېپىق ساھەلەر چەكلىك، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇمۇمى تەدبىرگە ئالاقىدار ئىشلار ئىنسانلارنىڭ مەسلىسى يەنى ئۇلار مەنپەئەتكە قارىتا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە".(يوقىرىقى مەنبە، ١٦١-١٦٢-بەت).

## رەسۇلۇللاھنىڭ:"دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەر ئالىم"دېگەن ھەدىس ئاساسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىدارە ۋە تەشكىللەش مەيدانىدىكى ئىجتىھادلىرى

بىز ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ھاياتىدا ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۈتەيدىغان ئىدى دېگەن ئىدۇق. بىرىنجى ۋەزىپە: ئاللاھدىن ۋەھيىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئىدى، ئۇنى ئۆز ئەينى تولۇق يەتكۈزدى.

ئىككىنجى ۋەزىپە:دۆلەتنى يېتەكلەش، ئۈممەتنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىش ئىدى. بۇ ساھەدە رەسۇلۇللاھ ئىنسان، شۇڭا ۋەھيى كەلمىگەن بۇ ئىشلاردا ئىجتىھاد قىلاتتى ۋە ساھابىللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. شۇڭا سىياسەت، ئىدارە، جەڭ ۋە خەلقئارا ئالاقە ئىشلىرىدا كۆپ ئەھۋاللاردا مۇستەشارلىرى(يەنى مەسلىھەت بەرگۈچىلەر)نىڭ پىكرىنى ئالاتتى، رەسۇلۇللاھ بۇ ساھەدە مەسلىھەت ئالغان ۋەقەلىكلەر ناھايىتى كۆپ.

شۇ سەۋەبتىن بۈيۈك ساھەبە ئەبۇھۇرەيرە ھەدىس رىۋايەت قىلىپ:"مەن ساھابىلىرى(دوستلىرى) بىلەن رەسۇلۇللاھدىنمۇ كۆپرەك مەسلىھەتلىشىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم" دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن قانداقمۇ مەسلىھەتلەشمەي قالسۇن، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىششكە بۇيرۇغان تۇرسا:"ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن"(ئال ئىمران سۇرىسى، ١٥٩-ئايەت).

شۇڭا رەسۇلۇللاھ بەدرى جېڭىدە ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىسىنى قەيەرگە قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، بۇ يەردە ھۇباب بىن مۇنزىر دېگەن ساھابىنىڭ پىكرى بويىچە ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، مۇشۇ جەڭدە ئەسىرلەر مەسلىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، شۇنداقلا ئۇھۇد ۋە ئەھزاب ئۇرۇشلىرىدىمۇ مەسلىھەتلەشتى...

رەسۇلۇللاھ بىرەر رايۇنغا ياكى بىرەر ئورۇنغا مەسئۇل بىكىتمەكچى بولسا، كېمنىڭ لاياقتى بارلىقى توغرىسىدا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. مەسىلەن، تائىف ئۈمكى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىر ئەمرنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ ساھابىلىرى بىلەن مەشلىھەتلەشكەندە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەسلىھەت بېرىپ ئوسمان بىن ئەبلئاس سەقەفى دېگەن ئادەمنى كۆرسەتتى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇ ئادەمنى تاللاش سەۋەبنى بايان قىلىپ رەسۇلۇللاھغا :"ئى ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرى! مەن بۇ بالىنى باشقىلارغا قارىغاندا ئىسلامنى ياخشى چۈشەنگەن ۋە قۇرئاندىن تەلىم بېرىشكە سالاھىيتى بار دەپ قارىدىم"دېدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ئۇ بالىنى تائىفقا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى.

رەسۇلۇللاھ خەلقئارا ئالاقە ئىشلىرى ۋە پادىشاھلارغا مەكتۇب يوللاشتىكى ئادەتلەردە ساھابىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ باردى، رەسۇلۇللاھ شۇ زاماندىكى پادىشاھلارغا مەكتۇپ يوللىماقچى بولغاندا، ساھابىلەر يول كۆرستىپ:ئۇلار تامغا بېسىلغان مەكتۇپ بولمىسا ئو قۇمايدۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ دەرھال ئۈزۈكتىن تامغا ياساتتى ۋە ئۇ تامغىغا"مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ"دەپ ئويدۇردى.

يىغىپ ئېيتقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەتنىڭ ھەربى ۋە ئىدارە ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىجتىھادلىرى ساناقسىز، رەسۇلۇللاھ بەزىدە بۇ ساھەدە قارار چىقىرىپ بولۇپ، قاراردىن يانغان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھىجرىيەنىڭ ٨ -يىلى رامىزان ئېيىدا مەككىنى ئازات قىلغىلى يېتىپ كەلگەندە، جەڭ قىلماي كىرىشكە ھېرىس ئىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. رەسۇلۇللاھ مەككىگە كىرگەندە، مەككىلىكلەرنى يىغىپ:"سىلەر، مېنى سىلەر توغرىسىدا نېمە قىلىدۇ"دەپ ئويلايسىلەر؟ يەنى سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ئەسكىلىكڭلارغا، مېنى يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقارغىنىڭلارغا ۋە مېنى يوقاتماقچى بولغىنىڭلارغا سىلەرنىڭچە مەن سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلارمەن؟ دېگەندە، ئۇلار:"سەن دېگەن ئېسىل قېرىنداش ۋە ئېسىل قېرىنداشنىڭ ئوغلى"دەپ جاۋاب بېرىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا"كەتسەڭلار بولىدۇ، ھەممىڭلار ئازات"دەپ خىتاب ئىلان قىلىدۇ، لېكىن ئۇ مۇشۇ قاراردىن بىر قانچە ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ئىلان قىلىپ:"ئۇلار گەرچە كەئبىنىڭ پەردىسىگە ئېسىلىۋالسىمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار "دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلار ھەققىدە كۆپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى، بۇگۇنكى يېڭى ئاتالغۇ بويىچە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ئىدى. ئۆلۈم جازاسى ئىلان قىلىنغان ١٠ غا يەتمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قاتارىدىن ئىكرىمە بىن ئەبۇجەھل دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ قارارنى ئاڭلاپ يەمەنگە قېچىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئايالى مۇسۇلمان بولۇپ، رەسۇلۇللاھدىن يولدىشىغا ئامانلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئامانلىق بېرىدۇ، ئايالى ئۇنى يەمەندىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ،ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىمان ئېيتىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋىتىدۇ.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ بىرىنجى قارارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيى ئارقىلىق بولغان قارار ئەمەس ئىدى، ئەگەر ئۇ قارار ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيى بولۇپ قالغان بولسا، بىكار قىلىۋىتەلمەيتتى. لېكىن ئۇ دۆلەت رەئىسى ۋە ھەربىلەرنىڭ ئالى قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەتەرلىك بىر جىنايەتچىگە قارىتا چىقارغان قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئەپۇ قىلدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسى، ھەربى ۋە ئىدارە ئىشلىرى توغرىسىدا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن مەسلىھەتلىرى ۋە ئىجتىھادلىرى ساناقسىز. رەسۇلۇللاھ ھايات ئىشلىرىدا مەسلىھەتلىشىپ ۋە ھەر ساھەدىكى تەجرىبىلىك ئادەملەردىن پايدىلىنىشنى نەسىھەت قىلىدىغان تۇرسا، باشقىلار قانداقمۇ تەجرىبىسى بار ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتلىرىدىن پايدىلانمىسۇن!

كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر: ئىسلام دۆلىتى دىنى دۆلەت دېيىشى قەتئىي توغرا ئەمەس، چۈنكى دىنىي دۆلەت دېگەندە ئىجتىھاد (ئىزدىنىش)، مەسلىھەت ياكى باشقا پىكىر ياكى باشقىلارنى ئېتىراپ قىلىشقا ئورۇن بولمايدۇ.

دىنى ھۆكۈمەت دېگەن ئاتالغۇ غەربنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىدە غەربتىكى دىنىي ھۆكۈمەت بىلەن باغلانغان، چۈنكى دىنى ھۆكۈمەتتىكى ھاكىم خىرىستىيانلار نەزىرىدىكى مۇقەددەس ئىلاھىي ھەق نەزىرىيىسى بويىچە ھوقۇقنى ئاللاھدىن ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھاكىم مەسۇم(خاتالىقتىن خالى) دەپ قارىلىدۇ، ھېچ بىر ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەققى بولمايدۇ، ئۇ ھاكىمنىڭ ئىرادىسى ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن بولىدۇ، ھاكىمنىڭ كۆز قارىشى مۇتلەق توغرا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك ئاللاھقا قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. مانا بۇ ئىدىيە ياكى دىنىي ھۆكۈمەت دېگەن ئاتالغۇ غەرب دۇنياسىدىكى خىرىستىيان ھۆكۈمىتىنىڭ كۆز قارىشى...

ئىسلامدىكى ھۆكۈمەت مەدەنى ھۆكۈمەت، ئىسلامدىكى ھاكىم ھوقۇقنى ئۇممەت( يەنى خەلق)تىن ئالىدۇ، خەلق ئۇنىڭدىن ھېساب ئالالايدۇ، لازىم تېپىلغاندا مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ. ئىسلامدا قۇرئان ۋە سۈننەت قانۇن، ھاكىم مۇشۇ قانۇنغا رىئايە قىلىپ ماڭسا ئىتائەت قىلىنىدۇ، ناۋادا چەتنەپ كەتسە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىپ باشقا بىرسىنى سايلاش ۋە قارشى پىكىردە تۇرۇش يوللۇق بولىدۇ. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:"مەن خاتالىشىپ قالسام مېنى قىلىچ بىلەن تۈزلەپ قويۇڭلار؛ مەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسام ئاندىن ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، بولمىسا ماڭا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار يوق..."دەيدۇ.(ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان سىياسى نۇتۇقىغا قاراڭ).

بۇ سىياقى نۇتۇقنى تولۇق مۇلاھىزە قىلسىڭىز، ھاكىم ئۆمۈر بويىي سۇلتان بولۇپ تۇرىدۇ دېگەن كۆرسەتمە چىقمايدۇ، شۇنداقلا خاتالىشىپ قالسا مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىش لازىم بولۇپ قالسا ئېلىۋېتىش لازىم دېگەن كۆرسەتمە ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.

## خەلىپىلەرنىڭ دۆلەت تەشكىللەشتىكى ئىجتىھادلىرى (ئىزدىنىشلىرى)

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كېتىپ بىر يىل ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مۇسۇلمانلار پارىس ۋە رىم ( ئۆز ۋاقتىدىكى چوڭ ئىككى ئىمپىرىيە)لار بىلەن ئۇرۇشقا كىردى. بىز بۇ يەردە بۇ ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، ئۇرۇشنى كىم باشلىغان دېگەن تېمىلارنى توختىلىپ يۈرمەيمىز، تەبەرىنىڭ تارىخىغا ئوخشاش ئىشەنچىلىك تارىخ كىتابلىرىغا قاراڭ.

مۇسۇلمانلار خۇلەپائى راشىدىنلار دەۋرىدە ئىراق شەھەرلىرى، پارىس شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئازات قىلدى، شۇنداقلا رىم دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى شام، مىسىر ۋە شىمالى ئافرىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئازات قىلدى. مۇسۇلمانلار ئازات قىلغان بۇ شەھەرلەر ھۆكۈم، سىياسەت ۋە ئىدارە ئىشلىرىدا يىلتىزى ئاساسقا ئىگە شەھەرلەر ئىدى، مۇسۇلمانلار دۆلەت تەشكىللەشتە بۇ مىراس ۋە تەجرىبىلەردىن پايدىلاندى، ئەقىدىگە

تاقاشمايدىغانلا بولسا سىياسىي ياكى ئىدارە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشتىن چەكلەنمەيدى. چۈنكى بۇ ئىشلار ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ئىنسانىي تەجرىبىلەر ئىدى، "ھېكمەت مۇسۇلماننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى، بۇ ھېكمەت قايسى ئېغىزدىن چىقسا زىيىنى يوق"دېگەن شوئار مۇسۇلمانلارنىڭ شوئارى ئىدى.

شۇڭلاشقا ھەزرىتى ئۆمەر بىن خەتتاب پارىسلاردىن- پارىسلار دېگەن مەجۇسى كاپىرلار دەپ ئولتۇرماي- دىۋان تۈزۈمىنى ئېلىشتىن ئىككىلەنمەيدى. دىۋان تۈزۈمى ھازىرقى دەۋرىدىمۇ تۇرلۇك مىنىستىرلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى كەڭرى بولغاچقا پارىس ۋە ئىراقتىكى مەجۇسىلارغا، مىسىر ۋە شامدىكى خىرىستىيانلارغا ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم دىۋانلىرىدىن بىرسى بولغان خىراج(كىرىم ۋە چىقىم) دىۋانلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى تاپشۇرغان ئىدى. چۈنكى ئۇ دىۋانلار ئۇز دەۋرىدە بۈگۈنكى ئىقتىساد مىنىستىرلىكنىڭ ئورنىنى ئالاتتى، يەنى دۆلەتنىڭ كىرىم بايلىقلىرىنى تىزىملاپ، ئۇنى شەرئى ئورۇنلارغا سەرىپ قىلىش خىزمىتىنى ئۆتەيتتى. ساھابىلاردىن ھېچبىرسى بۇ ئىشقا نارازى بولمىدى، چۈنكى شۇ دەۋردىكى ئەرەب مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىساد تەجرىبىسى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى ھەم ئاشۇ دىۋانلاردا قوللىنىدىغان تىللارنى بىلىپ كەتمەيتتى. ئىراق ۋە پارىستا پارىس تىلى، شام ۋە مىسىردا گىرىك تىلى قوللىنىلاتتى.(دوكتۇر ئابدۇشافىنىڭ "ئىسلامدىكى ئىدارە" ناملىق كىتاۋىنىڭ ٤٩ -بېتىگە قاراڭ).

## ئىسلام دىنى ۋە قەدىمقى ھەزارەتلەر

مۇسۇلمانلار ئىدارە، ئىقتىساد ۋە دۆلەت تەشكىللەشتە ئىلگىلىرى مىللەتلەردىن پايدىلانغان بولسا، شۇنداقلا ئىلمى جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن پايدىلانغان. ئىسلامنىڭ ئازاتلىق ھەركىتى يەنى ئۇمەييە دەۋرىدە جوڭگۇ چېگراسىغىچە، غەربتە ئىسپانىيەگىچە يەتكەنلىكى مەلۇم. شام، مىسىر ۋە پارىس شەھەرلىرىدە موھىم ئىلمى مەركەزلەر بار ئىدى، مۇسۇلمانلار بۇ ئىلمى مىراسلارنى قوغداپ ھىمايە قىلغان، بۇ ئىلمى مىراسلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددېست گىرىك مىراسى ئىدى. ئاباسىيە دۆلىتىنىڭ بېشىدا مۇسۇلمانلار مېدىتسىنا، ئىنژېنىرلىق، ئاستورنومىيە، ۋە ماتىماتىكا...يەنلىرىدىن ئىبارەت بۇ مىراسلارنى تەرجىمە قىلىشقا ئاتلانغان. بۇ پەنلەرنى تەرجىمە قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار ۋە باشقا دىندىكىلەر بولۇپ، ئۇلار ھارۇن رەشىد بەغدادتا قۇرغان ۋە مەئمۇن تەرەققى قىلدۇرغان بەيتۇل ھېكمەت (يەنى ھېكمەت ئاكادىمىيىسى)دە خىزمەت قىلاتتى.

ئىسلام دۆلىتى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ھەدىيەلەرنى بەرگەن، شۇ دەۋردىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ گىرىك ياكى پارىس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرگە مائاشىدىن سىرىت ئەسەرلەرنىڭ ئېغىرلىقى مىقدارىدا ئالتۇن بېرىدىغانلىقى ئېنىق، ئۇ زامانلاردا كىتابلار قول بىلەن يېزىلاتتى.

ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك ئىلىم- پەنلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ٨ ئەسىر چاقنىغان ۋە ۋايىغا يەتكەن بۈيۈك ئىسلام ھەزارىتى بارلىققا كەلگەن. شۇ كۈنلەردە ياۋرۇپا كاتولىك چىركاۋلىرىنىڭ زۇلمى ۋە ئالىملارنى ئىلمى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشتىن مەھرۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك تېخى ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان ئىدى. بۇ مەسىلىگە ئىلگىرىكى بەتلەردە ئىشارەت قىلىندى.

ئىسلام ھەزارىتى شەرقتە ۋە ئىسلامى ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)تا چاقنىدى، مانا بۇ ھەزارەت ياۋرۇپالىقنىڭ كۆزلىرى ۋە زېھنلىرىنى ئىلمى ئىزدىنىشكە ئاچتى. ئىسلام ھەزارىتىنىڭ قانداق گۈللەنگەنلىكى ۋە ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلانغانلىقى توغرىسىدا بىلىمگە ئېرىشمەكچى بولغانلارنى غەربلىك ئالىملار يازغان تۆۋەندىكى كىتابلارغا ھاۋالە قىلىمىز:

- فىرانسىيەلىك گوستاف لوبۇن" ئىسلام ھەزارىتى" ناملىق كىتاۋى

- گېرمانىيەلىك ئادەم مىنتىزنىڭ "ھىجرىيە ٤ - ئەسىردىكى ئىسلام ھەزارىتى" ناملىق كىتاۋى

- گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس سىجرىد ھونكىنىڭ"ئەرەب قوياشى غەربكە نۇر چاچىدۇ" ناملىق كىتاۋى...

ئىنساپ بىلەن يېزىلغان مۇشۇ كىتابلار ياۋرۇپالىق بايلارنىڭ باللىرىنى قۇرتىبە، تۇلەيتىلە، ئىشبىلىيە.. گە ئوخشاش ئەندەلۇس شەھەرلىرىگە ئەۋەتىدىغانلىقى، ئەندەلۇسقا داۋالىنىش ۋە زىننەت بويۇملىرى ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى توغرىسىدا توختىلىدۇ. مىلادىيە ٩٩٩ - يىلى رۇمادا پاپالىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان سىلفىستىر ئىككى ئەندەلۇسنىڭ پايتەختى قۇرتىبە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېدا ئوقۇغان.

سىجرىيد ھونكە ئەندەلۇسنىڭ ئىسلام دەۋرى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:"ئەندەلۇستا قۇرتبە شەھرى ئالى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە بۈيۈك كۈتۈپخانىسى ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدىن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلىب قىلاتتى. بۇ كۈتۈپخانا ٥٠٠٠٠٠ مىڭ دانە كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ كۈتۈپخانىنى ئەندەلۇسنىڭ ھاكىمى ھەكەم ئىككى (٩٦١ - ٩٧٦م) قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە ھاكىم بىئەمرۇللاھ( ٩٩٦-١٠٢٠م) نىڭ كۈتۈپخانىسى ئىككى مىليۇن ئىككى يۈز دانە كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا رۇما شەھرىدە شۇ كۈتۈپخانىغا ئىشىك باقار بولۇپ خىزمەت قىلىشقا يارايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، بىز باشقىلارغا قانداقمۇ تەلىم بىرەيلى، ھالبۇكى ئۆزىمىز بىزگە تەلىم بېرىدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج تۇرساق. بۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى مىلادىيە ٩٩٩ - يىلى پاپالىق مەنسىپە چىققان سىلفىستىر ئىككى ھەسرەت چېكىپ ئېيتقان ئىكەن.

مۇشۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە ئەبۇلقاسىم زەھراۋى نەچچە ئەسىر داۋام سۈرگەن ئاپراتسىيە پىرىنسىپلىرى ناملىق كىتاۋىنى نەشىر قىلغان، بەيرۇنى زېمىننىڭ قوياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىق نەزىرىيىسىنى شەرھىلىگەن، ھەسەن بىن ھەيسەم كۆرۈش قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىپ چىققان ۋە ئەينەك، يوملاق ئەينەك كۆزلىرى ئارقىلىق تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسى ئالتۇن دەۋرىدە ئۆرلەۋاتقان چاغدا غەرب ھاڭتاڭ قىياپەتتە دۇنيانىڭ نەگە بېرىپ توختىشىنى كۈزىتىپ تۇرۇپ قالغان.

يىگىرمە ياشلىق ياش قەيسەر(پادىشاھ) ئورتۇ(Otto) كىشلەرگە:"پات ئارىدا ھەزرىتى مەسىھ (ئىسا ئەلەيھىسسالام) كېلىپ، بۇ ئالەمدىن قىساس ئالىدۇ"دەپ خىتاب قىلغان. ئورتۇ بۇ قورقۇنچا بېسىپ كەتكەن

گەپلىرىنى جاۋغايلىرىدىن ئېقىتىپ بۇرگەندە، ٢٠ ياشلىق ياش ئىبنى سىنا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان كۆرۈنەرلىك ئىلمى تەتقىقاتلىرى بىلەن دۇنيانى تونۇشقۇزۇۋاتقان ئىدى. ھېچنەرسىدىن خالى تۇرۇپ مۇنداق ھەزارەت پايىسىدا مۇنداق تېز تەرەققى قىلغان بۇ ئىلگىرىلەشنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر تارىخىدا ئېتىبارغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېڭى كۆرۈنىشى بار. ئۇلارنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئۇلارنى ھەزارەتلەشكەن خەلقلەرنىڭ ئىگىلىرى قىلغان، بۇ ھەزارەت يەككە - يىگانە بولۇپ باشقا ھەزارەتلەرگە سىڭىشتۈرگىلى بولمايدۇ. قانداق بولۇپ مۇشۇنداق گۈللىنىش پەيدا بولدى، ئۇيلىنىپ باقايلى، ئىلگىرى ھەزارەت باسقۇچىدا رول ئالمىغان بىر خەلق قانداق بولۇپ قىسقىغىنا بىر مەزگىلدە گىرىكلار بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ھالەتكە كېلەلىدى. مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبىلەرنى ھەزارەت قىممەت قارىشىغا ئىگە كۆپ خەلقلەر قولغا كەلتۈرەلمىدى. مەسىلەن، ۋىزانتىنىيە گىرىك تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان تۇرۇپ ھەم گىرىك ھەزارىتىنىڭ مىراسخورى تۇرۇپ ھەزارەت يارىتالمىدى. جوڭگۇ، ھىندى ۋە گىرىك ھەزارەتلىرىدىن پايدىلانغان پارىس ھەزارىتىمۇ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ۋە دۆلەت ئالىملارنى قوللايدىغان تۇرۇقلۇق ئىجادى قىممەتكە ئىگە ھەزارەت يارىتالمىدى. يېڭى ھەزارەت ئىگىلىرى قۇرغاق سەھرادىن كېلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولدى ۋە مۇنازىرىسىز ٨ ئەسىر دۇنيا ھەزارەتلىرى ئارىسىدا داھىيلىق مەركىزىنى تۇتۇپ تۇرالىدى" (گىرمانىيەلىك شەرقشۇناس سىجرىد ھونكىنىڭ"ئەرەب قۇياشى غەربتە نۇر چاچىدۇ" ناملىق كىتاۋىنىڭ ٢٥٥-٣٥٣ - بەتلىرىگە قاراڭ، كىتابىنىڭ گىرمانچە ئەسلى ئىسمى"ئاللاھنىڭ قۇياشى غەربكە نۇر چاچىدۇ".

دېمەك، ئىسلام ھەزارىتى مۇشۇنداق پەللىگە يەتكەن چاغدا رۇمادىكى كاتولىك چىركاۋى ئالىملارنى دارغا ئاساتتى، ئۇلارنى تەپتىش مەھكىمىسىدە سوراق قىلاتتى ۋە ئۇلارغا تۇرلۇك ئازابلارنى تېتىتاتتى. شۇڭا ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئۆزلىرى بۇ دەۋرنى قاراڭغۇ زۇلمەت، نادانلىق ۋە ئارقىدا قېلىش دەۋرى دەپ ئاتايدۇ.

ئالىملارنىڭ ئەقلىنى يۇگەللىگەن ۋە ئۇلارنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىش قارارلىرى بىلەن قىينىغان، دۇنيادىكى ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان چىركاۋنىڭ پوزىتسىيەسى ياۋرۇپادىكى ئالىملاردا چىركاۋ ۋە چىركاۋ قۇرۇلمىسىغا قارشى جۇرئەت پەيدا قالدى، ئۇلار چىركاۋنىڭ پەرمانلىرىدىن ئومۇمى ۋە ئىخچام ھالەتتە باش تارتىشتى. مانا مۇشۇ چىركاۋنىڭ ئالىملارغا قاراتقان پوزىتسىيەسى ئىلمانىزم دەپ تونۇلىدۇ يەنى دىنىنى دۆلەت، جەمىيەت ۋە ئىلىم - پەندىن ئايرىۋېتىش دېگەن مەنىدە.

شۇڭا ئۇلار تارىختا بۇيۇك ياۋرۇپا ئويغىنىشى دەپ تونۇلىدىغان ئىلمى ئويغۇنۇشقا ئاتلاندى، ئاستورنومىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئىنژىنېرلىق... ساھەلىرىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى، ئىككى ئامېرىكا قىتئەسىنى كەشىپ قىلدى. ئىلىم-پەن، سىياسەت، ھەربى، ئىقتىسادى چۇلۇۋۇرغا ئىگە بولۇشتى، ھازىرغىچە ئىگىلەپ تۇرماقتا. ئەپسۇسكى، ئاشۇ زور ئىمكانىيەتلىرىنى ئاجىزلارنى مۇستەملىكە قىلىش، ئاجىزلارنىڭ زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا خىزمەت قىلدۇرماقتا....

## ئىلمانىزم ئىسلام ئىدىيەسىدە

ئىلمانىزمنىڭ ياۋرۇپادا پەيدا بولۇشتەك تارىخى جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ كاتولىك چىركاۋنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنكاس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. چىركاۋ ئۇ زامانلاردا ياۋرۇپا هاياتىنى پۈتۈن كونترول قىلىۋالغان ئىدى.. ئىسلام دىنىدا ياۋرۇپادىكىگە ئوخشاش چىركاۋ هۆكۈمرانلىقى ياكى ئىكلىرۇس هەيئىتى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە يوق. چۈنكى ئىسلام دىنى "دىن كىشلىرى" دېگەن سۆزنىمۇ تونىمايدۇ. ئىسلامدا ئىجتىهاد قىلىدىغان،قىلغان ئىجتىهادىدا بەزى توغرا قىلسا بەزىدە خاتالىشىدىغان ئالىملار ۋە فۇقاهالار بار. بۇلارنىڭ ئىسلام ئىدىيىسىدە ئۆزگەرمەس قائىدىسى بار:"كىم (سالاهىيتى توشقان ئادەملەر) ئىجتىهاد قىلىپ، توغرا قىلسا، ئىككى ساۋاب ئالىدۇ، كىم ئىجتىهاد قىلىپ خاتالىشىپ قالسا، بىر ساۋاب ئالىدۇ".

قۇرئان كەرىمدە ياكى هەدىس رەسۇلۇللاهدا نەس(دەلىل) كەلمىگەن ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ قايسى بىر مەسىلىسىدە هېچ بىر كىشى(كىم بولۇپ كېتىشىدىن قەتئى نەزەر) كۆز قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىش هەققى يوق. بىز بۇ مەسىلىدە مەدىنىنىڭ ئىمام مالىكنىڭ سۆزىنى گۇۋاهلىققا كەلتۈرسەك بولىدۇ، ئۇ بۇ سۆزىنى دەرس ئارىلىقىدا شاگىرتلىرىغا كۆپ تەكرارلايدىغان ئىدى، ئۇ:"بۇ قەبرە ئىگىسى (يەنى رەسۇلۇللاه )دىن باشقا هەر قانداق بىر ئىنساننىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ" دېگەن ئىدى.

يەنى ئىسلامدا بىرەر ئادەمنىڭ-گەرچە خەلىپە بولۇپ كەتسىمۇ- قارىشى مۇقەددەس ئەمەس ياكى مەسۇم(خاتالىقتىن خالى) ئەمەس. ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس كىتابنى تەپسىر قىلىشنى مونۇپۇل قىلىۋالغان ۋە مەغپىرەت قىلىش چاكلىرى، مەهرۇم قىلىش قارارلىرىنى چىقىرىدىغان چىركاۋ هوقۇقى يوق. شۇنداقلا ئىسلامدا مۇقەددەس ئىلاهى هەقنى داۋا قىلىدىغان دىنى هۆكۈمەتمۇ مەۋجۇد ئەمەس.

ئىسلامدىكى هۆكۈمەت مەدەنى هۆكۈمەت بولۇپ، بۇ هۆكۈمەتتىكى هاكىم هوقۇقىنى ئەركىن ئىرادىسى بىلەن تاللىغان ئالىدىغان خەلقتىن ئالىدىغان ئىنساندۇر. تاللاش (بەيئەت)دەپ ئاتىلىدۇ. خەلق(ئۈممەت) هاكىمدىن هېساب ئېلىش ۋە خاتالىشىپ قالسا تۈزلەپ قويۇش بەلكى لازىم تېپىلغاندا هوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش هوقۇقىغا ئىگە.

بىرىنچى خەلىپە(هەزرىتى ئەبۇبەكرى) بەيئەتتىن كېيىن، ئىسلام ئۈممىتىگە قارىتىپ سۆزلىگەن بىرىنچى سىياسى نۇتۇقىغا قارايدىغان بولساق مۇنداق دېگەن:"مەقسەتكە كەلسەك، مەن سىلەرگە رەئىس بولۇپ قالدىم، لېكىن مەن سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئەمەس ئىدىم. ئەگەر مەن ئىشنى ياخشى ئېلىپ ماڭسام هەمكارلىشىڭلار، ناۋادا خاتالىشىپ قالسام، مېنى تۈزلەپ قويۇڭلار. راستچىللىق ئامانەت، يالغان سۆزلەش خىيانەت، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاجىز سانالغانلار مېنىڭ نەزىرىمدە كۈچلۈك، ئاللاه خالىسا ئۇنىڭ هەق-هوقۇقىنى ئېلىپ بېرىمەن، سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا كۈچلۈك بولغىنىڭلار مېنىڭ نەزىرىمدە ئاجىز، ئاللاه خالىسا هەق-هوقۇقىنى ئۇنىڭدىن چوقۇم ئالىمەن. قايسى بىر مىللەت ئاللاه يولىدا جىهاد قىلىشنى تەرك ئەتسە، ئاللاه ئۇ مىللەتنى خار قىلىپ قويىدۇ. رەزىللىك قايسى بىر مىللەتتە ئەۋج ئالىدىكەن، ئاللاه ئۇلارغا زور بالايى-

ئاپەت بىلەن جازالايدۇ. مەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسام ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىپ سالسام، ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار.( ئىبنى ھىشام تارىخى، ٤ - توم، ٢٤٠ -بەت).

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يوقىرىقى سۆزلىرىدە ھوقۇقنى ئاللاھدىن ئالىدىغانلىقى توغرىلىۋق بىرمۇ سۆز تېپىلمايدۇ. ئەبۇبەكرىنى ئۈممەت سايلاپ چىقتى، ئۇنداقتا ئۈممەتنىڭ ئۇنى سوراقلا تارتىش ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزلەپ قويۇش ھوقۇقى بار.

مۇسۇلمان ھاكىم مەدەنىي ھاكىم، ئىسلام ھۆكۈمىتى مەدەنىي ھۆكۈمەت. ئىلگىرى رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسى، ھەربى ۋە ئىدارە ئىشلىرىدا مەسلىھەتلىشىدىغانلىقى بايان قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا تۇرلۈك مىساللار كەلتۈرۈلدى. مۇسۇلمان ئالىملار داۋاملىق زالىم ھۆكۈمرانلارغا قارشى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار بىلەن بىرگە تۇراتتى.

## ئىسلامنىڭ ئىلىم-پەنگە قارىتا كۆز قارىشى

رۇمادىكى كاتولىك چىركاۋلىرى ئىلىم-پەن ۋە ئالىملارنىڭ يولىدا ئۇيۇل تاشتەك توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋالدى، كىم جۈرئەت قىلىپ ئاستورنومىيە ياكى خىمىيە ياكى فىزىكىدا ئىزدەنمەكچى بولسا چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقىغا قاراشلىق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە سوتقا تارتىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايتتى، ئۆلۈكى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلانغان چاغدا ھاۋاغا چېچىلاتتى، بىرونو مانا مۇشۇنداق ئۆلۈمگە ئۇچرىغان.

چىركاۋنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنىڭ ھەقىقى ئىنجىل ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ چۈشكەن خىرىستىيان دىنى بىلەن ئالاقىسى يوق. چۈنكى ساماۋى دىن تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشتىن چەكلىمەيدۇ، بۇرمىلانغان دىن چەكلەيدۇ. رومادىكى چىركاۋنىڭ پوزىتسىيەسى چىركاۋ، ھوقۇق، مال-دۇنيا، بىلىم ۋە دىننى مونوپۇل قىلىۋېلىشقا ئامراق پوپلارنىڭ خاس پوزىتسىيەسى ئىدى.

ئىسلام ئىدىيىسى تازا ئارقىدا قالغان مەزگىللەردىمۇ ئىلىم- پەن، ئالىملار ۋە ئىلمى ئىزدىنىشنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈپ تۇردى. چۈنكى ئىسلام دىنى دەسلەپتىن تارتىپلا ئىلىم- پەن ۋە تەلىم-تەربىيەگە بۇيرۇدى. بىرىنجى قېتىم چۈشكەن ئايەت"ئوقۇ"دەپ چۈشتى، "ناماز ئوقۇ ياكى زاكات بەر" دەپ چۈشمىدى. بەلكى ئىلىم-پەننىڭ ئاچقۇچىنى ئال ۋە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئاچقىن، چۈنكى سەن زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ھەقىقەت، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك دۆلىتىنى تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇلدۇڭ، دەپ كۆرسەتمە بەردى ۋە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى.

قۇرئان كەرىمدە كائىناتقا نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ قودرىتى ۋە سىرلىرىنى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلى تەتبىقاتلىرىمۇ ساناقسىز. ھەدىس شەرىف ئالىملارنىڭ قەلىمىنىڭ رەڭگىنى شېھىتلەرنىڭ قانلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويدى!

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئالىملار شەرئەت پەنلىرىدە ئىجادىيەت يارىتىپلا قالماي، فىزىكا، خىمىيە، ئاستورنومىيە، مېدىتسىنا، ئىنژېنېرلىق.... پەنلىرىدىمۇ ئىجادىيەت ياراتتى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ بىر ئەسىردىن كېيىنلا ئىسلام ھەزارىتى گۈللەندى. مۇنداق تېز سۈرئەتلىك ھەزارەت سەكرىشى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئىسلام ھەزارىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ۋە گۈللىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. سەۋەبى قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇللاھنىڭ سۈننىتى يول كۆرسىتىپ ماڭغان، خەلىپىلەر ۋە ھاكىملار بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن، چۈنكى ھاكىملارنىڭ ئۆزىمۇ ئالىملار ئىدى. ئىسلام ھەزارىتىنىڭ بۇ تەسىرى ۋە قىممىتىگە غەيرى مۇسۇلمان ئالىملارمۇ كۆپ گۇۋاھلىق بەردى. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس تەتقىقاتچى ئايال سىجرىد ھونكىنىڭ"ئاللاھنىڭ قوياشى غەربكە نۇر چاچىدۇ"دېگەن كىتاۋىغا قاراڭ. بەزىلەر بۇ كىتابنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ "ئەرەب قوياشى غەربكە نۇر چاچىدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغان.

## ئىسلام دۇنياسى ئىلمانىزمغا مۇھتاجمۇ؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى ئىسلام دۇنياسى غەرب ئۇقۇمىدىكى ئىلمانىزمغا زادىلا مۇھتاج ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئىسلام تارىخىدا ئەسىرلەر بويى بۇ سۆز مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ سۆز غەربتىن كەلگەن ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ھەيران قالغانلار تەشۋىق قىلغان سۆزدۇر. ئىلمانىزم دېگەن بۇ سۆز ياۋروپا بۈيۈك ئىلمى ئويغۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان، ئىلىم-پەن ۋە تەرەققىياتنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقان ۋاقتىدا ئالەمگە ھۇجۇم قىلىپ شەرق ۋە غەربتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ كۆپ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان.

ياۋروپا چىركاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ۋاقىتدا يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدىكى بەزى زىيالىلار: ياۋروپانىڭ ئويغۇنۇشى دىننى سىياسى تۈزۈم ۋە ئىلمى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرغاندىن كېيىن قولغا كەلگەن، ئەگەر بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش تەرەققى قىلماقچى بولساق، دىننى قوغلاش ياكى دىنغا ئارقىمىزنى قىلىشتا ياكى دىننى مەسجىدنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇشتا ياكى دىننى پۈتۈن ھاياتىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇشتا شۇلارنىڭ ئىزدىنى باسماقتىن باشقا يول يوق، دەپ گۇمان قىلىشىپ قالغان.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ئىسلام دىنى پەقەتلا دىن، ئۇ دۆلەت ئەمەس، رەسۇلۇللاھ دۆلەت تۇرغۇزمىغان بەلكى ئۈممەت يېتىشتۈرگەن دەپ قارايدىغان ئىلمانىلار پەيدا بولدى. دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت بولمىسا ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى قانداقمۇ ئېلىپ بارغىلى بولسۇن! ئەلۋەتتە بۇ ئىدىيەنى كۆتۈرۈپ چىققانلار غەرب مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئىسلام ئىدىيىسى ئۆزگۈرۈپ كەتكەنلەر ياكى شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىپ كۆزلىرى قارىغۇلىشىپ قالغان ئىلمانىلاردۇر.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ئەزھەردە بىلىم ئالغان كېيىن غەربتە ئوقۇپ غەرب ئىدىيىسى بىلەن ئىدىيىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەلى ئابدۇراززاق دېگەن كىشى ئىسلامدا دۆلەت مەۋجۇد ئەمەس دېگەن ئىلمانىزم قارىشىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ كىتاب ١٩٢٥-يىلى نەشىر قىلىنىپ ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىغان، بۇ ئىلمانىزم ئىدىيىسىگە نۇرغۇن ئالىملار رەددىيە بەرگەن. رەددىيە بەرگەنلەرنىڭ ئىچىدە شەيخ بەخىت مۇتىئى" ئىسلام ۋە ھۆكۈم تۈزۈمى"ناملىق كىتاۋىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئەزھەرنىڭ شەيخى مۇھەممەد خىزىر ھۇسەين"ئىسلامنىڭ ھۆكۈم تۈزۈمى دېگەن كىتابنى مات قىلىش"ناملىق كىتاۋىدا، مۇتەپەككۇر دوكتور مۇھەممەد بەھى"ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ غەربنىڭ مۇستەملىكىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى"ناملىق كىتاۋىدا، دوكتور مۇھەممەد زىيا"ئىسلام ۋە ھۆكۈم تۈزۈمى"ناملىق كىتابنى تەنقىد قىلىش ناملىق كىتاۋىدا، ئۇستاز ئەنۋەر جۇندى"ئىلمانىزمنىڭ يىقىلىشى" ناملىق كىتاۋىدا رەددىيە بەرگەن.

ئىسلام دۇنياسىدا ئىلمانىزم ئىدىيىسىنى قوللانغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، مۇھەممەد سەئىد ئىشماۋى بەزىدە ئىسلامدا ھۆكۈم تۈزۈمىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، بەزى كىتابلىرىدا ئىسلام ھۆكۈمىتى بولغان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كۆز قارشىدىكى زىتلىقنىڭ سەۋەبى ئىسلامنىڭ ھۆكۈم تۈزۈمىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان.

بۇ تۇردىكى ئادەملەر دىننى خالىغانچە بۇرمىلاپ ياكى رىئاللىقنى سەتلەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ زېيىنىغا، ھۆرىيەت ۋە ئادالەتنىڭ قارشىسىغا خىزمەت قىلىدۇ. مەلۇمات مەنبەلىرىنى ئىنساپسىز شەرقشۇناسلاردىن ئالىدۇ ۋە شۇلارنىڭ كىتابلىرىنى مەنبە قىلىدۇ.

دىنى ھۆكۈمەت بىلەن مەدەنى ھۆكۈمەتنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، دىنى ھۆكۈمەتتە ھاكىم كۈچىنى دىندىن ئالىدۇ ۋە كۆزقاراشلىرىنى مۇقەددەس دەپ قارايدۇ، شۇڭا دىنى ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىنىڭ بارلىق قاراشلىرى خاتالىقتىن خالى دېگەن ھۆكۈمنى ئالىدۇ. مەدەنى ھۆكۈمەتتە ھاكىم كۈچىنى ئۈممەتتىن ئالىدۇ ۋە كۆز قاراشلىرىنى مۇقەددەس دەپ قارىمايدۇ.

ئىسلامنى ۋە سىياسى تۈزۈمنى ئەسلى مەنبەلىرىدىن تەتقىق قىلمىغان كۆپلىگەن ئىلمانىلارنىڭ مەيدانى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئىسلامنىڭ سىياسى مەنبەلىرى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، خەلىپىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن سىرىت، ماۋەردىنىڭ "سۇلتانىيە ئەھكاملىرى" ناملىق كىتاۋى، ئەبۇيەئلانىڭ"ئەھكام سۇلتانىيە"ناملىق كىتاۋى، شەيبانىنىڭ"چوڭ تارىخ"كىتاۋى، ئىبنى خەلدۇننىڭ"مۇقەددىمە" ناملىق كىتاۋى...غا ئوخشاش مەنبەلەردىن ئىزدەنمىگەن.

بۇ ئىلمانىلار غەربنىڭ سىياسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتلىرى بىلەن ھەيران قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققى قىلىشىدىكى سەۋەب دىننى سىياسى ھايات ۋە ئىلمى ئىزدىنىشلەردىن ئايرىغانلىقىدا. شۇڭا بۇلار بىز سىياسى ۋە ئىلمى ساھەدە ئىلگىرىلىمەكچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، دىننى سىياسى ۋە ئىلمى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم دەپ گۇمان قىلىشقان. بەزى ئىلمانىلار ئىلمانىزمنى ھەزارەت زۆرۈرىيىتى دەپ قارىغان.

ئىسلام دۇنياسىدىكى چېكىدىن ئاشقان رادىكال مەشھۇر ئىلمانىلار: كوممۇنىست مۇھەممەد شەھرۇر، جامال بەننا، مۇھەممەد سەئىد ئىشماۋى... لاردىن ئىبارەت.

بۇ ئىلمانىلار ئىسلامنىڭ روھى، مەقسەتلىرى ۋە قىممەت-قاراشلىرىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئىسلام دىنى ١٤ ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرغا قويغان ۋە ئاساسلىق ھوقۇقلاردىن دەپ قارىغان:ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەت...نى غەربنىڭ دېموكراتىيە نەتىجىسى دەپ خىيال قىلىشىدۇ.

بۇ ئىلمانىلارنىڭ: دېموكراتىيەنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ئىلمانىزم بولمىسا بولمايدۇ، دېگەن قاراشلىرى توغرا قاراش ئەمەس، تۈزۈم ئىلمانىزم بولغاندا دېكتاتۇر بولىدۇ، شۇڭا دېموكراتىيەنىڭ تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن ئىلمانىزم شەرت ئەمەس.

دېموكراتىيە ئۈچۈن ئىلمانىزم شەرت دەپ تەشۋىق قىلىش، دېموكراتىيەگە مېنىپ تۇرۇپ ئىلمانىزمنى بازارغا سالغانلىق، چۈنكى ئىلمانىزم ياكى دىننىڭ مەنىسىنى بەلگىلەشتىن قېچىش ئىلمانىزملار دۇچ كېلىۋاتقان ئۈچ تۈرلۈك كىرزىستنى ياپماقچى بولىدۇ، ئۇ ئۈچ كىرزىستلار تۆۋەندىكىچە:

١. ئاخىرقى دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسىدا ئىلمانىزم چاقىرىقلىرى ئارقىغا چېكىندى.

٢. ئىلمانىزم تۈزۈملىرى- ئۇنىڭ قاتارىدا ماركسىزم تۈزۈملىرى-مەغلۇب بولدى.

٣. ئىسلام دۇنياسىدا ئىلمانىزمدىن يىراق ھالەتتە دېموكراتىيەگە بولغان چاقىرىق ئىلگىرلەپ كەتتى.

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەزارەت ئىختىيارلىقى بىلەن دېموگراتىيەنىڭ ھۆكۈم ۋاستىلىرى ئارىسىدا زىتلىق تېپىلمايدۇ،دېگەن نوقتىنى تەبىئىي ۋە تارىخى ھېس- تۇيغۇسى بىلەن ھېس قىلىشتى.

خۇلاسە شۇكى، ئىسلام جەمىيىتى تەرەققى قىلىش ياكى ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە بارارۋەرلىك قىممەت قاراشلىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىلمانىزمغا مۇھتاج ئەمەس. ئىلمانىزم ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى، روھى ۋە مەقسەتلىرىگە زىت كېلىدۇ. غەرب دۇنياسىغا ئۇيغۇن كەلگەن ئىلمانىزم ئىسلام دۇنياسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، چۈنكى غەرب دۇنياسىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن خىرىستىيان دىنى ۋە چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقى ئىلىم-پەن ۋە ئىزدىنىشكە قارشى تۇرغان. ئەمما ئىسلام دىنى ئەسلىدىن تارتىپ ئىلىم-پەن ۋە ئىزدىنىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىسلام ئالىملىرىدىن ھېچ بىرى ئىلىم-پەن ۋە تۈرلۈك ساھەلەردىكى تەتقىقاتلارنى چەكلىمەيدۇ، بەلكى تەرغىب قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ...

***

غەربنىڭ دىن بىلەن ئىلىم-پەن كېلىشەلمەيدۇ دېگەن نەزىرىيەسى،خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىلىم-پەن كېلىشەلمەيدۇ، دېگەن قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى خىرىستىيانلارنىڭ تارىخى بۇنىڭ شاھىدى...

ئىسلام دىنىدا بۇ سەپسەتە ھەرگىزمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، ئىسلام دىنى ئىلىم-پەننى بارلىق كۈچى بىلەن قوللايدۇ ۋە پەرز دەپ قارايدۇ.

خىرىستىيان دىنى مۇئەييەن ئورۇن ۋە مۇئەييەن مىللەتكە ۋاقىتلىق كەلگەن ھەم يەھۇدىيلارنىڭ ماتېرىيالىزىملىقىغا قارىتا روھانىزملىقنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن روھانى دىن.

ئىسلام دىنى دىن ئاتالغۇسىدىن يۇقىرى، چۈنكى ئۇ ھايات دەستۇرى، ھايات تۈزۈمى، ھەر دەۋر، ھەر ئورۇن ۋە ھەر ۋاقىت تەتبىقلىنىشقا سالاھىيىتى بار ماددا بىلەن روھنى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى، دىن بىلەن ئەقىلنى، دىن بىلەن سىياسەتنى بىرلەشتۈرگەن خەلقئارالىق دىن...

غەرب دۇنياسىدا دىن بىلەن دۆلەت، دىن بىلەن ئىلىم-پەن كېلىشەلمەي سوقۇشقان بولسا، بۇ غەربنىڭ شەخسى مەسىلىسى ۋە قىيىنچىلىقى... غەربنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ئىسلام دۇنياسىغا سۆرەپ كىرىش پۈتۈنلەي خاتا، چۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا ۋە ئىسلام دىنىدا بۇ قىيىنچىلىق زادىلا مەۋجۇد ئەمەس. باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز، بىزنىڭ زېمىنىمىزدا باشقىلاردا يۈز بەرگەن بۇ قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ باقمىدى ھەم يۈز بەرمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئىسلامنىڭ كاشىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئىسلام ھەزارىتى ۋە مەدەنىيىتىگە سەل قارىغان، ئىدىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كاشىلىسى... مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىش كېسىلىنى ئىسلام دىنىغا ئارتىپ قويۇش بىنورماسىزلىق ۋە نادانلىق...

ئۇنداقتا بىزنىڭ زېمىنىمىز دىنىمىز، ئەقىدىمىز ۋە ھايات تۈزۈمىمىزگە قارشى بولغان ئىلمانىزىغا مۇھتاج ئەمەس، ھەم مۇھتاج بولمايدۇ، ھەم زېمىنىمىزدا قەتئى قوبۇل قىلىنمايدۇ...

## خۇلاسە

ئىلمانىزم رۇما(پاتكان)دىكى كاتولىك چىركاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، سىياسى ۋە دىنى چېكىدىن ئېشىشىغا قارشى ئىنكاس سۈپىتىدە ياۋرۇپادا تارىخى شارائىت ئاستىدا پەيدا بولغان. ئىلمانىزم دەسلەپقى باسقۇچىدا نورمال ئىدى، ئۇ چاغدا خىرىستىيان دىنىنى ياكى چىركاۋنى سىياسەت ۋە سىياسەتكە ئالاقىدار ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن توختىغان ئىدى.

مىلادىيە ١٩ -ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئىككىنجى باسقۇچىدا جۈرئەت قىلىپ دىنىنى ئىنكار قىلىدى ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ كۆز قاراشنى فيۇرباخ(١٨٠٤ - ١٨٧٢)، كارىل ماركىس(١٨١٨ - ١٨٨٣) ۋە ئۇنىدىن باشقىلار كۆتۈرۈپ چىقىشتى. بۇ ئىدىيە ئىسلام دۇنياسىغا يېتىپ كەلگەندىن تارتىپ، ئىسلام دۇنياسىدا مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلەردىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىماقتا. چۈنكى ئىلمانىزم بىر تەرەپتىن دىنىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ياۋرۇپانىڭ مۇستەملىكە دولقۇنىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىدى. ياۋرۇپانىڭ مۇستەملىكە ھۇجۇمى مىلادىيە ١٧ -ئەسىردىن باشلىنىپ ئىسلام دۇنياسىنى بېسىۋېلىشقا باشلاپ، -ئوسمانىيە دۆلتى يىقىلىپ ۋە ١٩٢٤ -يىلى ئىسلام خەلىپىلىگى يوقالغاندىن كېيىن- ١٩١٨ -يىلى بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تولۇق مۇستەملىكە قىلىۋالدى.

بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان مۇستەملىكە دۆلەتلىرى-بولۇپمۇ ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە-ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى مىراسلىرىنى بۆلۈشتى. ئەنگلىيە ئىراق، ئىئوردانىيە، پەلەستىنىنى ئالدى(يەنى مۇستەملىكە قىلدى). فىرانسىيە سۈرىيە ۋە لىۋاننى ئالدى، شۇڭا كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئىلمانىزمنى يامان كۆرۈش قوش خاراكتىرلىك تۈسنى ئالدى، چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن دىنىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە ھۇجۇملىرى ۋە زۇلۇملىرى بىلەن بىرگە سوقۇنۇپ كەلدى.

ئىسلام دۇنياسى تارىخى جەھەتتىن ئىلمانىزم ئىدىيىسىگە مۇتلەق مۇھتاج ئەمەس، چۈنكى ئىسلامنىڭ ھۆكۈم تۈزۈمى مەدەنى ھۆكۈم تۈزۈمىدۇر، بۇ تۈزۈمدە ھاكىم (قايسى ئىسىم بىلەن ئاتالسۇن) مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ھۆكۈمرانلىقنى ئۈممەتتىن ئالىدۇ. ھاكىم، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ پاكىتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئىسلام شەرىئىتى(قانۇنى)نىڭ ئومۇمى پرىنسىپلىرىغا ئېسىلىپ ماڭىدۇ ۋە ئىجتىھاد قىلىدۇ. شۇنداقلا فۇقاھالار، ئالىملار ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەر سىياسەت، ئىدارە ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىدا ئىجتىھاد قىلىشىپ بېرىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى(قانۇنى) كەڭ، ئەۋرىشىم ۋە ئۇيۇقى كەڭرى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولسىمۇ، ھايات ساھەسىدە باشقىلارنىڭ- ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرى، ئاساسلىق بەلگىلىمىلىرى ۋە يوقىرى مەقسەتلىرى بىلەن تاقاشمىسلا- تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىشنى قەتئى رەت قىلىپ باقمىدى.

ئىلمانىزمنىڭ تۈزۈم-قانۇنلىرىنى ئەخلاق ئۆلچىمىدىن ئەركىن قويۇۋەتكەنلىكى مۇسۇلمانلارنى ھۈركىتىپ قويىدى. سىياسەت، ھۆكۈم شەكلى ۋە ئىدارە ئىشلىرىدا باشقىلاردىن-ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىللىرىمىزگە ۋە شەرئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە تاقاشماسلىق شەرتى بىلەن- پايدىلانساق بولىدۇ، چۈنكى

مۇسۇلمانلار باشتىن تارتىپ ئىدارە، دۆلـەت ۋە ئورگـانلارنى تەشكىللەشـتە فـارىس، رىملىقـلار ۋە ئـۇلاردىن باشقىلاردىنمۇ پايدىلاندى.

ئەمما ھازىرقى ئىلمانىزم ھەر قانداق ئەخلاق پرىنسىپىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئائىلـە ئىشـلىرىدىن تـارتىپ ئويۇنششقا باشلىدى، شۇڭا يەككە جىنسىلىقلارنىڭ توي قىلىشنى قانۇنلاشتۇردى. ئۇلار بۇ ئىشـنى شەخسـى ئەركىنلىك ۋە ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى دەپ قارىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ قانۇننىڭ ئاخىرىدا ئىنسـانىيەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنى كائىناتتىكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى جـۇپ يـاراتتى، ئائىلـە تۇزۇمىنـى ئەڭ بۇيۇك نىئمەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ۋە قۇدرەت كامالىدىن دەپ بەلگىلىدى:"ئاياللار بىلـەن ئۇنسـى - ئۇلپـەت ئېلىشىڭلار ئۇچۇن)الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى،ئـاراڭلاردا)يـەنى ئـەر - خوتـۇن ئارىسىدا)مېھر -مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ)كامالى قۇدرىتىنى كۆرسـىتىدىغان)ئالامەتلىرىدىنـدۇر، پـىكىر يۇرگۇزىدىغان قەۋم ئۇچۇن،شەك-شۇبھىسىزكى،بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار"(رۇم سۈرىسى، ٢١ -ئايەت).

يەنە:"الله سىلەر (نىڭ ئۇنسى-ئۇلپەت ئېلىشىڭلار) ئۇچۇن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يـاراتتى، سىلەر ئۇچۇن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۇرلۇك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلـىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ اللهنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامـدۇ؟"(نـەھل سۈرىسـى، ٧٢ -ئايەت).

ئىنسان نەسلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسلىق ۋە زۆرۈر مەقسەتلىرىنىڭ بىرسـى. ئىنسان تۈرىنىڭ ساقلىنىشى ئەر ۋە ئايال ئارىسىدىكى نىكاھ تۇزۇمىگە تايىنىدۇ. ئەگـەر ئىلمـانىزم بـۇ تۇزۇمنـى بىكار قىلىپ تاشلىسا ۋە ئۇنى ئاپتۇماتېك تۇزۇم دەپ قارىسا، بارلىق دىنلار بىلەن سوقۇشىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ١٩٩٤ -يىلـى قـاھىرەدە، ١٩٩٥ -يىلـى بېيجىڭـدا ئۆتكۇزۇلگەن ئاھالە قۇرۇلتىيىغا ئىسلام ئۆلىمالىرى قاتتىق قارشى تۇردى. شۇڭا ئىسلام ئىدىيىسى ئىلمـانىزمنى ئىسلام زېمىندا پەيدا بولغاندىن تارتىپ قارشى تۇرۇپ كەلدى.

ئىلمانىزم توغرىسىدا تۆۋەندىكى كىتاپلارنى ئوقۇپ كۆرگەيسىلەر:

* " ئىسلام ۋە ئىلمانىزم يۇزمۇ-يۇز"- دوكتۇر يۇسۇف قەرداۋى.

* " ھازىرقى زامان ئىدىيە ئېقىملىرى" شەيخ مۇھەممەد قۇتۇب

* " ئىلمانىزم " شەيخ سەلمان ئەۋدە (ئىنگلىزچە)

* " ئىلمانىزمنىڭ يىقىلىشى" دوكتۇر مۇھەممەد ئەممارە

* " دېموگىراتىيە ئىسلام ۋە ئىلمانىزم ئارىسىدا" دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇلجاببار

* "ئىلمانىزمنىڭ ھـازىرقى زامـان ئىسـلام ھاياتـىدا پـەيدا بولـشـى ۋە تـەرەققىياتى" دوكتـۇر سەپـەر ھەۋۋالى.

## مۇندەرجە

كىرىش سۆز...
ياۋرۇپا ۋە دىن...
چىركاۋ بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى كۆرەش...
چىركاۋنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئالىملارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى...
ئىلمانىزمنىڭ ياۋرۇپادا پەيدا بولىشى...
ئىسلام ۋە دۆلەت...
مەدىنە مۇنەۋۋەر شەرتنامىسى...
ئىسلام بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ دۆلەت تۇغۇزۇشتىكى پەرقى...
ئىسلام ھۆكۈمىتى دىنى ھۆكۈمەتمۇ؟...
رەسۇلۇللاھنىڭ ئىدارە ۋە تەشكىللەش مەيدانىدىكى ئىجتىھادلىرى...
خەلىپىلەرنىڭ دۆلەتنى ئىنتىزامغا سېلىشتىكى ئىجتىھادلىرى...
ئىسلام ۋە قەدىمقى ھەزارەتلەر...
ئىلمانىزم ئىسلام ئىدىيىسىدە...
ئىسلامنىڭ ئىلىم-پەنگە قارىتا كۆز قارىشى...
ئىسلام دۇنياسى ئىلمانىزمغا مۇھتاجمۇ؟...
خۇلاسە...

ئىسلام ئاۋازى تور بېتى